«جۇڭگو مەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊



ئۇيغۇر بوگۇنكى دەۋر تىياتىر سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن: ئاتاقلىق ئوپېرا- تىياتىر سەنئەتكارى، تىياتىر نەزەرىيىچىسى ۋە سەنئەت مائارىپچىسى، خوش ئاۋاز ناخشىچى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، ئەدەبىيات- سەنئەت تەشكىلاتچىسى ھېيتەم ھۇسەيىن ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

1

2006

ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003

• XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • شينجاڭ مادەنيەتى •



تالانتلىق ئوپېرا ـ تىياتىر ئارتىسى، خوش ئاۋاز ناخشىچى، سەنئەت تەشكىلاتچىسى
ئابلىكىم روزى ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(55 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2006 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 277 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

زۇنۇن باقى (قوشۇمچە

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-

زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-

ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل

ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش

مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### تەبرىك سەھىپە


ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ب د ت تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ............... 2

ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ............... ئالىيە قادىر 3

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دۇنياغا يۈزلەنمەكتە ............... ئابلىلىم ئەزىز، ئالىيە قادىر 4


### تىلغا ئېتىبار ـ ئەلگە ئېتىبار


ئانا تىلىمىزنى ئۆگەنمەيلى ............... شەمشىنۇر ئىبراھىم 7


### ئالىملىرىمىزدىن سۆز


كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى ھەققىدە ئىزتىراپلىق خىياللار ............... ئابدۇكېرىم رەھمان 9


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............... مەھمۇتجان تۇرسۇن قاتارلىقلار 13


### ئەل ـ يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس


مەدەنىيەتتە مۇقەددەس جاي تۇرپان ............... ئادىل مۇھەممەت تۇران 30


### بىز ياشاۋاتقان دۇنيا


ئۈچۈر ئىمپېرىيىسى دۈچ كەلگەن بوھران ............... ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان 47

ئائىلە يېرىم ۋەتەن ............... ئادىل ئابدۇقادىر 50


### شېئىرىيەت مۇنبىرى


ئاياللار قىسمى ............... روشەنگۈل ئەلى 56


### قىرتاق پاراڭلار


رەھىمسىز رېئاللىق ............... ئەزىز تۇردى ئاقھون تەرجىمىسى 57

ئاجايىپ كەچۈرمىش ............... مەمتىمىن مامۇت تەرجىمىسى 58

ساپان سۆرەيدىغان كالا ............... ئاbbas ئۆمەر ئەلقۇت تەرجىمىسى 58

قەغەز قوراللار دەۋرى ............... ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ تەرجىمىسى 59

تەرەققىياتنىڭ ھارام تۇغۇندىلىرى............... ت. ئى. تايماس 60

شەھەرلىكلەرگە يېتىشەلمىگۈدەكمىز ............... مەمتىمىن ئابلىز 64


### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


ئىنساپ قىل «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» ............... ئوسمانجان ئۆمەر 66

«ئاق خالاتلىق پەرىشتە»لەر قانداق چۈشكۈنلەشتى؟ ............... تۈلۈك ۋېنيەن، شۇ جىي 68


### «ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەك


ئۆكۈنمەك تولىمۇ ئېسىل مىللىي پەزىلەتتۇر ............... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 70


### تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە


پۇل تۇزۇتقان خىياللار ............... يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفىي 73


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا يىداكتورى: قۇربان مامۇت**



# «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ دۇنياۋى شان ـ شۆھرىتىگە مۇبارەك

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ب د ت تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، پارىژ، 2005 ـ يىل 25 ـ نويابىر تېلېگراممىسى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر پارىژدا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» (قىسقارتىلىپ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېيىلىدۇ)نىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. جۇڭگو ئىلتىماس قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ۋە جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە بىرلىشىپ ئىلتىماس قىلغان «موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى» بۇ تىزىملىككە كىردى. «موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى» دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم چەت ئەل بىلەن بىللە ئىلتىماس قىلغان ھەم ماقۇللانغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تارالغان ھەر خىل مۇقاملارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ناخشا، ئۇسسۇل، كۈي بىر گەۋدىلەشكەن چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال سەنئەت تۈرى. ئۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى ۋەكىل قىلغان بولۇپ، «دولان مۇقامى»، «دەرد ـ داغ مۇقامى» ۋە «قۇمۇل مۇقامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقام ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى 19 دۆلەت ۋە رايوندا ئومۇملاشقان مۇزىكىلىق سەنئەت شەكلى بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭ بۇ دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان. شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەدىمىي «يىپەك يولى»نىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى رايونلاردا ئومۇملاشقان ئۇيغۇر مۇقامى ئوخشىمىغان مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئەتلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا تارقىلىش ۋە قوشۇلۇش تارىخى خاتىرىلەنگەن ۋە دەلىللەنگەن. شۇڭا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» كىشىلەر

## تەبرىك سەھىپە

تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ بىباھا گۆھىرى»، «يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت»، دەپ تەرىپلەنگەن.

«موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى» بىر خىل قەدىمىي مەدەنىيەت شەكلى بولۇپ، موڭغۇللار شەكىللەنگەن مەزگىللەردىن تارتىپلا مەۋجۇد بولغان. موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى يايلاق ۋە موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، موڭغۇللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى خاراكتېرىنىڭ نامايەندىسى. موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرى چېگرا ئاتلاپ ئومۇملاشقان سەنئەت تۈرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە موڭغۇلىيىدە ئومۇملاشقان. بۇ مەنىۋى مىراسنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرىنى ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا بىرلىكتە يوللىغانىدى.

### ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرەيلى

# ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

ئالىيە قادىر

ئاپتونوم رايونىمىز 2005 - يىلى 4 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ «خەلق» سارىيىنىڭ ئىلى زالىدا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» (قىسقارتىلىپ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دېيىلىدۇ) قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى 70كە يېقىن ئالىم - مۇتەخەسسىس بىلەن بىللە تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ يازغان بېغىشلىمىلىرى، تەبرىك تېلېگراممىا ۋە تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات مەركىزى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك مەدەنىيەت نازارىتى (ئىدارىسى)، 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سەنئەت تەتقىقات ئورنى ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 49 ئورۇن تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى سەككىز نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىس سۆزگە چىقىپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىللە، ئىلتىماس قىلىشنىڭ پەقەت بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشاننىڭ «جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قىممەتلىك گۆھىرى ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت»ھېسابلانغان ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىندا رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللەنگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتكومى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان، قوغدايدىغان ۋە داۋاملاشتۇرىدىغان كەسپىي قوشۇننى يېتىلدۈرۈپ، زور بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىسىنى يىغىپ توپلاپ، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. مەن يولداش ۋاڭ لېچۈەنگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە

كۆڭۈل بۆلگەن پېشقەدەم رەھبەرلەر، ئىلتىماس قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار، كۆپ يىلدىن بۇيان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداشقا تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دولقۇنى قوزغالدى. بىز چوقۇم بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىشنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىلتىماستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دۇنياغا يۈزلەنمەكتە

ئابلىلىم ئەزىز، ئالىيە قادىر

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دېگەن تەرىپ بىلەن جاھاندا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىملىك مۇزىكىلىق بەدىئىي قامۇس. بۇ ئەڭگۈشتەر ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، ئىجتىمائىي ھاياتى، پسىخىكىسىغا سىڭىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بېيىتىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ تەرىپلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭق چىقاردى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىق.

جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دەسلەپكى كۆيلىرى مىلادى 4 ـ ئەسىردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارالغان بولۇپ، ئۇ زامانىسىدا «غەربىي يۇرت چوڭ نەغمىلىرى» دەپ ئاتالغان. خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش «غەربىي يۇرت كۆيلىرى» دەپ ئاتالغان. 12 ـ ئەسىردىن كېيىن «غەربىي يۇرت كۆيلىرى» دېگەن بۇ نام تەدرىجىي ئەرەب تىلىدىكى «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. ئون ئىككى مۇقام 16 ـ ئەسىردە ـ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئامانىساخان ۋەكىللىكىدىكى مۇقام پېشۋالىرىنىڭ جان كۆيدۈرۈشى بىلەن رەتلىنىپ، رەسمىي ئون ئىككى مۇقام شەكلىگە كەلدى. داڭلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا نەچچە ئەسىرلىك بوران ـ چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئون ئىككى مۇقامنى ئازاد زامانغا يەتكۈزۈپ بەردى. مۇشۇ نەچچە ئەسىردە، ئون ئىككى مۇقام خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورۇندىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان كەڭ زېمىندا ياڭراپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلدى، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن شىنجاڭغا كەلگەن ئالىم، سەنئەتكار، ساياھەتچىلەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى «ھەقىقەتەن دۇنياۋى بىباھا گۆھەر ئىكەن» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابلىز ئابدۇرېھىم «فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلەرنى ئامېرىكىغا ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ چىقتى. شۇ ۋاقىتتا ئابلىز ئابدۇرېھىم ئون ئىككى مۇقامنىڭ 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن ئون يۈرۈشىنى سوۋغاتلىق ئۈچۈن ئېلىۋالدى. ئۇنىڭچە، بۇ لېنتا شىنجاڭغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا ئىدى. ئەپسۇس، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىدى». ئامېرىكىدىكى ئېكسكۇرسىيە سەپىرىدە ئابلىز ئابدۇرېھىم ئاران ئۈچ يۈرۈش لېنتىنى «قولدىن چىقىرالىدى»، سوۋغاتلىق لېنتىنى قوبۇل قىلغانلارمۇ «ئابلىز ئابدۇرېھىمنىڭ قولىنى قايتۇرمايلى» دېگەندەك قىلىپ، ئەدەب يۈزىسىدىنلا قوبۇل قىلغانىدى. بۇ ھال ئابلىز ئابدۇرېھىمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇلار بۇ قىممەتلىك گۆھەرنى تونۇمامدىغاندۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئەمىسە ئۇلار نېمىشقا بۇ «گۆھەر»نى تالىشىپ ئالمايدۇ؟ ئابلىز ئابدۇرېھىم يول بويى ئويلاندى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭغا جاۋاب تاپتى. ئەسلىدە بۇ چاغلاردا ئامېرىكىدا ئۈنئالغۇ زامانىنىڭ كەينىدە قالغان بولۇپ، VCD، CD ئاپپاراتى ئومۇملىشىپ كەتكەنىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قوبۇل قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ ئاڭلاش بىر ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەن. بۇ ئىش ئابلىز ئابدۇرېھىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: «ئون ئىككى مۇقامنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مىراسى، دۇنياۋى بىباھا گۆھەر دەۋاتىمىز. لېكىن بىزنىڭ شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىمىزدىكى ئارتىسلار كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلىسىمۇ، مۇقام ئورۇنداشنى بىلىدىغان ھەممە ئەلنەغمىچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرسەكمۇ جاھان ئەھلىگە مۇقامنى ئاڭلىتىپ بولالمىغىدەكمىز. ئۈنئالغۇ لېنتىسى زامانىنىڭ كەينىدە قاپتۇ. شۇڭا ئون ئىككى مۇقامنى دۇنياغا تونۇتىمىز دەيدىكەنمىز، زامانغا لايىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇنى ھەممە ئادەم بەھر ئالالايدىغان قىلىپ ئىشلىسەك بولغۇدەك».

دەرۋەقە، ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت قىممەتلىك تارىخىي مىراسنى قۇتقۇزۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە مۇزىكىشۇناس ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ئۈنئالغۇ ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم غەزەل ۋە

تېكستلىرىنى لېنتىغا ۋە نوتىغا ئالدۇردى. ھەر تەرەپلىمە بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق 1960 ـ يىلى ئىككى توملۇق نوتا كىتابى ـ «ئون ئىككى مۇقام» رەسمىي نەشر قىلىندى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشتى. مۇقام ئۇستازلىرى، مۇقامشۇناسلار، مۇزىكانتلار كۆپ يىل تىرىشىپ، يېڭىدىن بايقىغان، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزات» نەغمىلىرى تولۇقلىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇكەممەل نۇسخىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 1997 ـ يىلى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 13 قىسىملىق بىر يۈرۈش ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابى نەشر قىلىندى. كېيىنچىلا خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. ئون ئىككى مۇقامنى قوغداش، رەتلەش يولىدىكى بۇ نەتىجىلەر ئون ئىككى مۇقامنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەتقىق قىلىشقا ئازادە شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇقام دېگەن بىر خىل سىستېمىلىق مۇزىكا، ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى ھوزۇرلىنىش، ئۇنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنىلا مۇقامنى ئاڭلاش كېرەك.

مۇقام توغرىسىدىكى يازمىلارنى ھەرقانچە ئوقۇغان بىلەنمۇ، ئۇنى *ئاڭلىغانچىلىك سېزىم بولمايدۇ ـ دە! شۇڭا، مۇقامنى ئىلمىي تەتقىقات* دائىرىسىدىن ھالقىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا زامانغا لايىق ئاڭلاش، كۆرۈش ۋاسىتىلىرىگە تايىنىش كېرەك، يەنى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەپ چىقىش كېرەك. بۇ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى دۇنياغا بالدۇرراق يۈزلەندۈرۈشكە ئالدىراۋاتقان تالاي كىشىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

لېكىن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، يەنە كېلىپ ئۇنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئاڭلاپ ھوزۇرلىنالايدىغان قىلىپ ئىشلەش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس، بىرەر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ سىنارىيەسىنى سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەپ قويىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1999 ـ يىلى ئىيۇندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش رەسمىي ئەمەلىي خىزمەت باسقۇچىغا قەدەم قويدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ۋە ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، مۇقامچىلار، سەنئەتكارلار قاتناشقان مۇقام مۇھاكىمىسى ھەم سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش ـ نەشر قىلىش مەشغۇلات ئۆلچىمىنى تۈزۈپ بېكىتتى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، 2000 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ «راك» ۋە «پەنجىگاھ» مۇقامى بېيجىڭدا ئۈنگە ئېلىندى. بۇ ئىككى مۇقامنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇقام سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇندىدى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۇ ئىككى مۇقامنى ئۈنگە ئېلىشقا ھەقسىز ياردەم بەردى. ئۈچ ئاي جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئىككى مۇقام سۈپەتلىك ھالدا ئۈنگە ئېلىنىپ بولدى. قالغان ئون مۇقام 2001 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۈنگە ئېلىش زالىدا ئۈنگە ئېلىندى. بۇ ئون مۇقامنى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ئارتىسلىرى ئورۇندىدى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلىنىڭ باشلىقى مەتىمىن مەتلى شۇ چاغدىكى مۇقامنى ئۈنگە ئېلىش ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئۆمىكىمىزدىكى 30دىن ئارتۇق سەنئەتچى ئۈنگە ئېلىشقا قاتناشتى. ئۈنگە ئېلىشتا ئەڭ ياخشى مۇقامچى، ئەڭ ياخشى سازەندىلەرنى تاللىدۇق. رەسمىي ئۈنگە ئېلىشتىن ئاۋۋال ئون مۇقامنى باشتىن ـ ئاخىر رەتلىك قىلىپ تەييارلىدۇق. ئىلگىرى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالغان چاغدا ئوقۇغان مۇقام تېكىستلىرى بىلەن ھازىرقى تېكىستلەردە خېلى پەرق بار ئىكەن. ئارتىسلارنىڭ كۆپىرەك ۋاقتى تېكىستلارنى يادلاشقا كەتتى، يەنە يېڭى قوشۇلغان «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزات» ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىش ۋە قايتىدىن توغرىلاشقا توغرا كەلدى. سازەندىلەر بىلەن ناخشىچىلار ئۈنگە ئېلىش زالىغا نۆۋەت بىلەن كىرىپ، بىر ناخشىنى ئۈچ ـ تۆت قېتىمدىن ئوقىدى. بۇ چاغدا ۋاقىت ئىنتايىن قىس بولغاچقا، ئارتىسلىرىمىز *كۈنىگە 13 ـ 14 سائەتلەپ مۇقام ئېيتتى. بىرلا ئىشىكى بار،* ھېچقانداق دېرىزىسى يوق كىچىككىنە ئۈنگە ئېلىش ئۆيىنىڭ يازدا قانچىلىك دىمىق بوپكېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ! ئەنە شۇنداق تىنجىق ئۆيگە بىرلا ۋاقىتتا 10 ـ 20 ئادەم كىرىۋالسا، ئۆينىڭ ئىچى گويا ھورداققا ئايلىنىدۇ. مانا شۇنداق يەردە ئارتىسلىرىمىز چىپ ـ چىپ تەرلەپ تۇرۇپ، كۈن ـ كۈنلەپ مۇقام ئېيتىپ چىددى. ئۈچ ئاي دەم ئالماي ئىشلىدى».

ئون ئىككى مۇقام ئۈنگە ئېلىنىپ بولغان چاغدا، ئۇلارغا كىرىشتۈرۈلىدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ سىنارىيەلىرىمۇ تەييار بوپقالغانىدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەنزىرىلەرنى تاللاپ قويماسلىق، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزگىچىلىكلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئون ئىككى مۇقامغا كىرىشتۈرۈلىدىغان كۆرۈنۈشلەر 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ئېلىندى...

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابلىز ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD پلاستىنكىلىرىغا ھەر بىر مۇقامنىڭ ئەڭ سەرخىل ـ نادىر قىسمى ئېلىنىپ، MTV شەكلىدە 70 ـ 75 مىنۇتلۇق فىلىم قىلىپ ئىشلەندى. فىلىملارنى ئىشلەشكە 7000 ئادەم قاتناشتى. بەزى كۆرۈنۈشلەرگە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 3000 ئادەم قاتناشتى. ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئون ئىككى مۇقامنى ئۈن ـ سىنغا ئېلىش گۇرۇپپىلىرى ئاۋۋال ئىش باشلاپ، ئاندىن مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بەزى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىلىرى مەبلەغ بولمىغانلىقتىن ۋاقتىدا ئىش باشلىيالمايدىغان، بەزىدە ئارتىسلار بىر كۈندە بىر ۋاقلا تاماق يېيەلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇردى. ھېچكىم كۆپ ئىشلەپ كەتكىنىدىن زارلانمىدى، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئەكسىچە، نۇرغۇن كىشى ئۆزىنىڭ ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر

قىلىشقا قاتناشقانلىقىنى نەچچە ئەۋلاد ئىچىدە ئاران ئۇچرايدىغان پۇرسەت، ھاياتىدىكى پەخىرلىك ئىش، دەپ قارىدى. دۆلەت رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ھەم جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئون ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ قاراپ، ئادەم لازىم بولسا ئادەم، ماددىي ئەشيا، ئۈسكۈنە لازىم بولسا، ماددىي ئەشيا، ئۈسكۈنە بەردى، مەيدان لازىم بولسا، مەيدان تەييارلاپ بەردى. تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئەنە شۇلارنىڭ خالىس ياردىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىلىرى، رېژىسسور، ئوپېراتور، سەنئەتچى، مۇقامچى ۋە ئاممىۋى ئارتىسلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى بولمىغان بولسا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ھەقىقەتەن ئىشلەپ چىقالمايتتۇق».

2002 - يىلى 18 - دېكابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە، بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى CD , VCD پلاستىنكىلىرىنىڭ تۇنجى تارقىتىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» ئېچىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ 24 سائەتلىك CD پلاستىنكىلىرى بىلەن 12 سائەتلىك VCD پلاستىنكىلىرىنى تەڭلا دۆلەت ئىچى بازارلىرىغا سالغانلىقىنى جاكارلىدى.

شۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى 2005 - يىلى 10 - نويابىر ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنى تۇنجى تارقىتىش يىغىنى» ئېچىپ، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ رەسمىي تارقىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بىز «ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD پلاستىنكىلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكىپ تارقىتىلدى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ ئابلىز ئابدۇرېھىمنى يەنە ئىزدەپ باردۇق.

- ئون ئىككى مۇقامنىڭ VCD پلاستىنكىلىرىنى چىقارغاندا ۋاقىت قىس بولغاچقا تېكىستلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىلا كىرگۈزەلىگەنىدۇق. ئىنگلىز ۋە ئەرەب تىللىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى بولمىسا، ئۇنى دۇنياغا ھەقىقىي يۈزلەندۈرگىلى بولمايتتى، - دېدى مەدەنىيەت نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئىزاھات بېرىپ، - ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب يېزىقلىرى بىلەن چىقىرىمىز دەپ كېچىكتۈرۈپ قويدۇق. ئىشنى سۈپەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلىدۇق. 12 مۇقامنىڭ تېكىستلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشلىرىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەرجىمانلار ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇلار خەنزۇ تىلىدىكى تېكىستلەرگە ئاساسەن تەرجىمە قىلغاچقا، بەزى يەر - جاي ناملىرى ۋە ئاتالغۇلار ئۆزگىرىپ كېتىپ قالدى. بۇلارنى بىردىن - بىردىن توغرىلىدۇق، ئاندىن تەرجىمىنى جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىدىكى ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرى مۇھەررىرلىرىگە ئاپىرىپ تەھرىرلەتتۇق. تەرجىمە پىششىقلانغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈش سۆزىنى جۇڭگو مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرى دىكتورلىرى ئوقۇپ بەردى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىسىنىمۇ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىرىغا باشقىدىن ئوقۇتتۇق. مۇقاملارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بىلەن تېكىستلىرى تۆت خىل تىل ۋە يېزىقتا بولغاچقا، DVD پلاستىنكىلىرىنى تۆت ئاۋاز يولى بويىچە ئىشلەشكە توغرا كەلدى. تۆت خىل يېزىقتىكى تېكىستلارنى بىردەك ئېيتىلىۋاتقان مۇقاملارغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، بىر يەرگە توغرىلاش ئۈچۈنمۇ يەنە ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىنى ئۇقىدىغانلارنى چاقىرىپ كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ ئىشلىدۇق. ئون ئىككى مۇقام 12 پلاستىنكا بولدى، ھەر 12 پلاستىنكا بىر قاپ بولدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ئوبدانراق چۈشىنىشى ئۈچۈن، يەنە تۆت خىل يېزىقتىكى چۈشەندۈرۈش كىتابچىسىنى، ئاندىن ئامانىساخاننىڭ كىچىك ھەيكىلىنى قاپقا سالدۇق».

ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ پۈتۈشى بىلەن سەككىز يىلغا سوزۇلغان جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ CD، DVD, VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى بۇ خىزمەتنىڭ تەنتەنىلىك بولغانلىقىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ، نەشر قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى تارىخىدىكى بىر مۇھىم نامايەندە. بۇ مىسلىسىز كاتتا ئىش شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئېغىز، قۇلاق ئارقىلىق تارقالغان بىر خىل قەدىمكى سەنئەتنىڭ ئۆز ھاياتىي كۈچى ۋە بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن دۇنيا مىقياسىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قايتىدىن نامايان قىلالىشى، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى».

ھەقىقەتەن سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بولمىغان بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىنىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ VCD, CD, DVD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشلاپلا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇنى قىزغىن قوللاپ كەلدى.

ئابلىز ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ CD، DVD, VCD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ تارقىتىلىشى، بولۇپمۇ DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ تۆت خىل يېزىقتا ئىشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تولۇق شارائىت يارىتىلدى. مۇشۇ مىنۇتلاردا بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، مۇقامنىڭ 16 - ئەسىردە - سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە رەتلەنگەنلىكى بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ئازاد زاماندا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى مۇقام تارىخىدىكى ئىككى نامايەندە بولسا، مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ تارقىتىلغانلىقى مۇقام تارىخىدىكى ئۈچىنچى نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. ئون نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇرلارغىلا تەۋە بوپكەلگەن ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىق مانا ئەمدى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامى - مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى».

ئاپتورلار: «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى

# ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنەيلى

شەمشىنۇر ئىبراھىم



ـ جاۋيەنشى (ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى)دىكىلەرنىڭ پۇل تاپـقـۇسى كېپقالغان گەپ! بولمىسا، مۇشۇ زاماندا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى دەيمەن؟

ـ شۇنى دەيمەن، مانا بىر ئوبدان سۆزلىيەلەيمىز، بىر ئوبدان يازالايمىز.

ـ بىز يا قاشقالىق، يا خوتەنلىك بولمىساق خاتا گەپ قىلىدىغان ...

ـ 135 سومنى بىكاردىن بىكارلا ئېلىۋالىدىغان بولدى. قىپقىزىل زىيان ـ دە، زىيان.

ـ ئاز كەم ئون كىلو گۆش كېلەتتى!

ـ يىغىلىپ ئولتۇرغان بولساقمۇ راۋۇرۇس بىر سورۇننىڭ پۇلى دېگىنە!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى (ئوبلاستلىق تىلكوم [2005] 12 ـ نومۇرلۇق)نىڭ روھىغا ئاساسەن غۇلجا ناھىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش، سىناق ئېلىش خىزمىتىنىڭ تۇنجى قېتىم غۇلجا ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلىشى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، ئانا تىلغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى سۇس بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەنە شۇنداق ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن يەردە ئەنە شۇنداق سۆزلەپ، ئۆز ئانا تىلىنى ھاقارەتلەپ يۈردى.

20 ـ مارت (يەكشەنبە) چۈشتىن كېيىن دەرس ئۆتۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. بۇ قېتىم تەربىيىلىنىپ سىناققا قاتنىشىدىغانلار ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى بولغاچقا، دەرس تەييارلىقىغا خېلى كۆپ چىقاردىم ۋە نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلدىم. ئەمما ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 300 دىن كۆپ ئادەم سىغىدىغان ياسداق، ئازادە يىغىن زالىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە غۇجمەك ـ غۇجمەك بولۇشۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن، 100 گىمۇ يەتمەيدىغان ئوقۇتقۇچىغا قاراپ سەل خۇرسىنىپ قالدىم. بەش ـ ئون مىنۇتلۇق تەشكىللەشتىن كېيىن زال ئىچى تىنچىلاندى. دەرسنى رەسمىي باشلىۋەتتىم. دەرس مەزمۇنى سۆزلىنىپ بىرەر سائەتكىچە ئىنتىزام ياخشى بولدى. ئەمما كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدىنمۇ ياكى مۇنۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىدىنمۇ، ھەر قىسما قىلىقلار چىقىشقا تۇردى:

ئوتتۇرا ياشقا يېتىپ قالغان بىر قىسىم ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئەتراپىدىكى شۇنچە كۆپ ئاياللار ـ مۇئەللىمەلەرنى پەرۋا قىلماي قويۇپ تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا، يەنە بەزىلىرى يانفونلىرىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ياش ئوقۇتقۇچىلارغا بولۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گازىر، سېغىز كەمپۈتلەرنىڭ قارسىلداشلىرى، ئاران بىر كۆرۈشكەنلەرنىڭ ھال ـ مۇڭ ئېيتىششلىرى، پىخىلداپ كۈلۈشلىرى، يانفونلارنىڭ بەسلىشىپ سايراشلىرى، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنىڭ تاقىلداپ مېڭىشلىرى زال ئىچىنى بىر ئالدى. قايتا ـ قايتا تەشكىللەش ۋە بارلىق دىققىتى بىلەن دەرس ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتقانلارنىڭ مەنىلىك قاراشلىرى نەتىجىسىدە تۆت سائەتلىك دەرسنى سۆيەتلىك ئۆتۈۋالدىم. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ سىناق ئېلىش باشلاندى. سىناقنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى يېزىقچە، ئېغىزچە شەكىلدە ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئىمتىھان تۈزۈمى قاتتىقراق بولدى. ئىمتىھان مەيدانلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بۇ قېتىملىق تەربىيىلەش ۋە سىناقنى كۆزگە ئىلمىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى كۆزىتىپ باقتىم: ئۇلار ئىمتىھان قەغـــەزىــنى ئوڭ ـ تەتۈر تۈرۈپ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئالدى ـ كەينىگە قاراپ باشقىلاردىن ياردەم سورايتتى، ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلايتتى. ئىمتىھان نازارەتچىلىرى بىلەن تاكاللىشاتتى. ئوقۇش تارىخىنى، خىزمەت ستاژىنى، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى، ئۆز مەكتىپىدىكى مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىنى پەش قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئەپلاتۇن ئېيتقان «باي بولۇپ تۇرۇقلۇق كەمبەغەللىكە ئايلانغان كىشىلەرگە، ئۇلۇغ بولۇپ تۇرۇقلۇق خارغا ئايلانغان كىشىلەرگە، ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق نادانلار سۆھبىتىگە قاتناشقان

تىلغا ئېتىبار ـ ئەلگە ئېتىبار

# كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىككى-لەمچى فۇنكسىيىسى ھەققىدە ئىزتىراپلىق خىياللار



—شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور مەركىزى بىلەن «ئىلى-چى» كىيىم-كېچەك مەركىزى بىرلىشىپ چاقىرغان «ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى بويىچە 2-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى»دا سۆزلەنگەن نۇتۇق

ئابدۇكېرىم رەھمان

بىز ئەنئەنىۋى فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بىلەن، ئۆزىنى زىننەتلەشتىن ئىبارەت ئېستېتىك ئېھتىياجغا باغلاپ چۈشەندۈرگەندۇق. يۇ، كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەمچى فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى تەلەپ ئەكس ئەتكەن. بىز پەن ئەھلىلىرى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلغان بۇ ئىككى ئامىلنىڭ پوتېنسىئال (ئىچكى) كۈچىنى قايتا شەرھلەپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت ساغلام روھىي مەدەنىيەت تەقەززاسىدىن تۇغۇلغان يېڭى ئىزدىنىش قاراش سۈپىتىدە، كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى (ئىقتىدارى) ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

## 1. كىيىم ئەخلاق-ھايا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇھەببەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك نىكاھ-ئائىلە بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىككىلەمچى ۋاستىدۇر.

## ئالىملار نەزىرىدىن سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدىن مەلۇمكى، ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقان ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىكى ياۋايىلىق-ۋارۋارلىق باسقۇچىدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردەك كىيىمسىز ياشىغان، كېيىنچىرەك ئىنسانىي ئاڭنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئەۋرەتلىرىنىلا دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن يوشۇرىدىغان ھالەتكە كۆچكەن. لېكىن بۇمۇ ئەخلاقىي مىزاندىكى كىيىم-كېچەكنىڭ رولىنى ئوينىيالمايتتى. بۇنداق يىتۇتۇغملىق، ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ ئارىلاش جىنس ھايۋاناتنىڭ بىر-بىرىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلغىنىدەك، ھايۋانىي شەھۋەتنى قوزغاپ، ئاتا-ئانا بىلەن بالا-چاقا، ئاچا-سىڭىل بىلەن ئاكا-ئۇكا... ئوتتۇرىسىدىمۇ ھېچقانداق شەرم-ھايا چەكلىمىسى قويۇلمايدىغان «توپ نىكاھلىنىش» قائىمىستى رويابقا چىقارغان. ئىنسانىنىڭ كۆدەكلىك باسقۇچىدىكى بۇنداق تراگېدىيىلىك كومېدىيىگە سەۋەب بولغان ئامىل يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى كىيىم مەدەنىيىتى چەمبىرىگە كىرمىگەنلىكى ئىدى. ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى تېپىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئىستىكىنى قوزغىدى. ئاخىر ئىنسان ئويلىغانلىرىغا ئېرىشىپ، كىيىنىشمۇ خۇددى يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش ئىنساننىڭ روھىيىتى ۋە جىسمانىيىتىنى قۇۋۋەتلەيدىغان، ھايۋانىي ھېس-تۇيغۇدىن پەرقلەندۈرىدىغان زۆرۈر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەرىپەت

دەۋرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، پەردىشەپلىك تەن ۋۇجۇدقا كەلدى. كىيىم بىلەن ئورالغان بەدەن ئۆزىنىڭ پىنھان گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەتلىك ھايات رىسالىسىنى تۈزدى. ئىنسانىي ئىستەك بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ رىسالىنىڭ مۇقەددىمىسى نىكاھتىن ئىبارەت ئائىلە مۇقەددەسلىكىگە ئۇلتاش بولدى. نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن تەشكىللەنگەن ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى سۈپىتىدە، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، كىيىم مەدەنىيىتىمىزنى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلدى. شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دىنلارنىڭ ئەھكاملىرىدا دىن مۇخلىسلىرى بەدەنىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا بېشىدىن تاپىنىغىچە يېپىپ يۈرۈشنى ئىمان جۈملىسىدىن، دەپ قارىدى. بولۇپمۇ ئىسلام ئەخلاقىدا كىيىنىشنىڭ قائىدىلىك ۋە مۇستەھكەم بولۇشى، گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ، نامەھرەملىك (بەدەننى ئوچۇق قويۇش قىلمىشى)نى ئىمانسىزلىق ھېسابلايدۇ.

بىزدىمۇ «ئاتاڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دەيدىغان نەقىل بار. بۇ سۆزنىڭ ئىچكى مەنتىقىسى كىيىم ـ ئىنساننىڭ زىننىتى، ھايا ـ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ تارازىسى ئىكەنلىكىنى، قىسقىسى پىنھانلىق ئىچىدە گۈزەللىك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

دېمەكچىمىزكى، كىيىنىش مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئىستىكىدە يېڭى سىلكىنىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈلمەس ھاياتلىق رىشتىسىگە باغلىدى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىق قىممىتىگە ئىگە قىلدى. كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرغان زامان ۋە ماكاندا كىشىلىك ئەخلاق ۋە جەمئىيەت ئەخلاقى نۇرلىنىپ، سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جايلاردا ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇپ، ھاياتلىق قىممىتىمىز ۋە تەقدىر قىسمىتىمىز كەسكىن رىقابەت ـ خىرىسقا دۇچ كەلدى. كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۈتەكلىشىشىدىن روياپقا چىققان ئازغۇن ئىدىيە، چىركىن قىممەت قاراشلىرى زامانىنىڭ مەپتۇنكار ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئېتىقادىمىزدا تېگىرقاش تۇيغۇسىنى ھاسىل قىلدى.

قايسىبىر پەيلاسوپ «كىيىم زۆرۈرىيىتى ئەخلاقىي زۆرۈرىيەتنىڭ ماددىيلىشىشى» دېگەن. مەنمۇ بۇ قاراشقا مايىل. كىيىنىش ئەخلاقنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە، پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا يۈكسەك قىممەتكە ئىگە. دېمىسىمۇ تەننىڭ يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە بولۇشى ۋە ياكى كىيىملىرىمىزنىڭ ھەددىدىن زىيادە تارىيىپ، ئۇيەر ـ بۇيەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى يات جىنسلىقلار ئارىسىدا فىزىئومىيىلىك غىدىقلىنىش ـ ھاياجانلىنىشتەك بىنورمال شەھۋانىي ھېسسىياتنى قوزغايدۇ. تەن ئاينىسا، روھمۇ ئاينىيدۇ، روھ بۇلغانسا تەنمۇ بۇلغىنىدۇ. مانا بۇ دىئالېكتىك قانۇنىيەت. كىيىملەر ئاساسەن دېگۈدەك ئېچىلغان، ئاتا ـ بالا ئېشەكتەك قىپيالىڭاچ بىر مۇنچىدا يۇيۇنۇۋېرىدىغان، ھەتتا ئەكسىگە قايتىپ يالىڭاچ ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان غەرب «ئىسيانكارلىرى» ئارىسىدا نىكاھ بوغۇچىنى بىكار قىلىش «شوئار»ىنىڭ ھىمايىسىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق كرىزىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى، نىكاھسىز جىنسىي زوراۋانلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق جىنايەتلىرىنىڭ تىك سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كېتىشى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جەمئىيەتكە چوڭقۇر نەزەر سالساق، كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ خىرەلىشىشى بىلەن روھىمىز ۋە جىسمىمىزنىڭ كۆتىبىرى زەئىپلەشكەنلىكىگە دائىر پاجىئەلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىمىز. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە بەدەن ئانتروپولوگىيىسى نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ مەنبىئى ۋە ئاقىۋىتىنى ئىزدېسەك بىر كىتابقا يۈك بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتىكى يەشمىلەرنى كېيىنكى سەھىپىمىزگە ئامانەت قويىمىز.

دەرۋەقە، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى فۇنكسىيىلىك رولى بەھەيۋەتتۇر. بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىش ھاجەتسىز.

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئارىسىدا يالىڭاچلىق تەكرارلىنىۋەرسە، ئىنسانىي مۇھەببەت، ھەۋەس سېزىمى قاشاڭلىشىپ، ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىغان ھايۋانىي مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇق، ئاياللاردىكى لاتاپەت، مېھىر، جەزبىدارلىق خوراپ تۈگەيدۇ. ئەقەللىي ئادىمىيلىك ھېسسىياتى ئۆلگەن بۇنداق زەئىپ تەندىن ئۇلۇغۋار غايە، ئەخلاقىي قىممەت كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەخلاق يىرتىلغان، پەردىشەپ تۈگىگەن يەردە ئىززەت، قىممەت، يىڭنىچە گۈزەل تۇيغۇلار قالمايدۇ. كىيىنىشكە بولغان دۇرۇس ئەقىدە سۇنمىغان جايدا مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى نامايان قىلىپ، ئىككىلەمچى ئەخلاقىي قىممەت يارىتالايدۇ.


ئېتىقادى سۇس، ئەنئەنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئائىلە، جەمئىيەتلەردىن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. شەھۋانىي ئوبيېكتلىرى يېپىلغان، يوشۇرۇلغان، غىدىقلىنىش سەزگۈلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمىغان جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىتى بىر قەدەر ساپ، جۇشقۇن، خاتىرجەم، مەنىۋى ھاۋاسى سۈزۈك، ھەر جەھەتتىن ساغلام بولىدۇ. ئاللانىڭ ھېكمەتلىرىدىن قۇۋۋەتلەنگەن روھىمىز تېنىمىزنى ئوراپ تۇرغان سىرتقى يېپىنچا بىلەن پاراللېل تۈز سىزىق بويىچە تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك. تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، روھ بىلەن تەن توقۇنۇشۇپ، ئەخلاقىي دۇنيا زىددىيەتلەر جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەنئەنىۋى كىيىم مەدەنىيىتىمىز غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ ھارامدىن تۇغۇلغان غەيرىي تىپلىق بالىسىغا سېزىك بوپقالىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس.

كىيىنىش ئەخلاقى ئېستېتىكىدىكى ناھايىتى نازۇك تېما. ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنىڭ ئۆزىلا ئىنساننىڭ شەرم ـ ھايالىق بولۇشىنى بەلگىلىگەن، يېپىلغان بەدەن ھەقىقەتەن گۈزەللىككە، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ، كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسىدىكى بىرىنچى نۇقتا.

## 2. كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق نۇسخىسىدۇر.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مىللىي گەۋدە شەكىللەنگەندىن بۇيان تەدرىجىي ھالدا كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ مىللىيلىشىپ، شەكىل جەھەتتىن مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ روشەن بەلگىسىگە ئايلاندى. ئىقتىساد بىر قۇتۇپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، مىللىي مەۋجۇدلۇقنىڭ سەمەرىلىك ئىپادىسى سۈپىتىدە مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدا تېخىمۇ جۇلالىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مىللىي روھقا ماس ئەنئەنىۋى كىيىنىش نۇسخىسىغا ئىگە بولمىغان مىللەت، قوۋملارنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. گەرچە مىللەت ئۇقۇمى بىلەن كىيىم ـ كېچەك ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك (=) بەلگىسى قويۇشقا بولمىسىمۇ، كىيىم ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى فۇنكسىيىسى ئارقىلىق مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق نۇسخىسى بوپقالدى. ئەنە قاراڭ! كورېيىنىڭ ھەممىمىزنى زېرىكتۈرمەي ئېكران ئالدىغا رام قىلىۋالغان «يەنە بىر كۆرسەم» (看了又看) ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرگەندە ھەممىدىن كۈچلۈك ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە سۆيۈندۈرىدىغان مەنزىرە، كورېيىلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى توي، بايرام مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندا كىيگەن مىللىي كىيىملىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە سۇلكەتلىك كۆرۈنۈشى بولسا كېرەك.

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



▲ يارانتقۇچى ئەقلنى ياۋروپالىقلارنىڭ بېشىغا، ئاسىيالىقلارنىڭ قولىغا، ئەرەب ـ پارسلارنىڭ تىلىغا بەرگەنمىكىن، دەيمەن.

▲ 21 ـ ئەسىردىكى ئىختىساسلىق كىشىلەر، پۈتكۈل دۇنياغا تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ھايات بىر چۈشتۇر، تۇرمۇش ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىر.

ـ مەھمۇتجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ ئەخلاقتىن ئايرىلغان بىلىم، كونتروللۇقتىن ئايرىلغان بومبىغا ئوخشايدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەقدىرگە ئەمەس، تەدبىرگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

▲ شىبىر قايناق ھېسسىياتقا، پەلسەپە تۇرمۇشنىڭ تاۋلىنىشىغا موھتاج.

▲ ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ۋەيران قىلغىنىنى كۆپ كۆردۈم، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تۈزىگىنىنى ئاز كۆردۈم.

▲ زېمىن بىرىنچى ۋەتەن، تىل ئىككىنچى ۋەتەن.

▲ ئىگە ـ چاقىسىز بالىلارنى تاشلىۋېتىلگەنلەر دەپ قالماڭلار، ھەقىقىي تاشلىۋېتىلگەنلەر تەربىيىدىن مەھرۇم قالغانلاردۇر.

▲ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقتىن باشلا، مىللەتكە بولغان پىداكارلىقنى ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتتىن.

▲ بەزىلەتلىك ئانىنىڭ تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەن بالىنىڭ تارتىدىغان زىيىنى، بوۋاقلىقىدا يېتىم قالغان بالىدىنمۇ ئېغىردۇر.

▲ غەيۋەتخورنىڭ ئاغزىنى توسۇش، تاشقىن سۇنى توسۇماقتىنمۇ قىيىن.

▲ قېرىندىشىغا مېھرىبان بولمىغان كىشىدىن شەپقەت كۈتۈش، ئاچ بۆرىدىن ئىنساپ كۈتكەنگە باراۋەر.

▲ زېرىكىش قىلغىلى ئىش تاپالمىغانلىقتىن ئەمەس، قىلىدىغان ئىشنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ سىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئۈچۈن چاۋاك چالغانلارنى ئەمەس، مەغلۇبىيىتىڭ ئۈچۈن ياش تۆككەنلەرنى ئۇنتۇما.

▲ قىساس ئىككى بىسلىق خەنجەرگە ئوخشايدۇ: ئۇ رەقىبىڭنىڭ تېنىنى نابۇت قىلسا، سىنىڭ روھىڭنى نابۇت قىلىدۇ.

▲ قىممەتلىك نەرسەڭنى قەدىرلىگىن، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى مەھرۇم قالغاندا بىلسەڭ، قايتا ئېرىشمەكچى بولساڭ ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەيسەن.

▲ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى پاكى چېكىنىشىنى مەلۇم بىر شەخسنىڭ تۆھپە ياكى سەۋەنلىكىگە باغلاپ قويغانلىق، ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق.

▲ زامان ئىللەتلىرى ۋە جاھالەتتىن ۋاھىم يىگۈچىلەرنى شىكايەتچى دېمەڭلار. ئەنە شۇ كىشىلەر بولغاچقىلا سىلەر نادانلىق ۋە جاھالەتتىن يىراق بولدۇڭلار.

▲ ھەرقانداق مىللەت يازما تارىخ قالدۇرمايدىكەن، شۇ مىللەت ئەۋلادلىرى ئەجدادى ھەققىدە توغرا بىلىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يوقاتقىنى تارىخ بولماستىن، ئەجداد روھىدۇر.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ سىنىڭ مەلۇم ئىشنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىڭ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئىشقا قىزىقمىغانلىقىڭ.

ـ تۇراقىز توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## مۇنبەر تۇيغۇلىرى

▲ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇش، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ كۆپچىلىكمۇ خاتالىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ خاتالىشىشى، ھەقىقەتنى كۆرۈدىغان كۆزلىرى تەپەككۇرىدىكى ئادەتلەر تورلىرى بىلەن ئېتىۋېتىلگەنلىكتىن بولىدۇ.

▲ ئالدى بىلەن يۈكسەك مەنىۋى ئىگىلىك تىكلىيەلىگەن مىللەتلەرنىڭلا كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكى بولىدۇ.

▲ تېتىپ بېقىش يېگەنگە باراۋەر، گۇناھ مۇشۇنداق پەيدا بولىدۇ.

▲ يېگىلىق ـ ئەڭ ياخشى ئەينەكتۇر.

▲ ئەڭ يامان دۈشمەن ـ ئادەتنىڭ بويۇنتۇرۇقى.

▲ ئىنسان ھامان تۇغما ۋە ئائىلىۋى تەسىرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

▲ تەربىيىدىكى رېئاللاشتۇرۇش ئادەمنى ماشىنىلاشتۇرسا، غايىۋىلەشتۈرۈش ئادەملەشتۈرىدۇ. ھەقىقىي تەربىيە بۇ ئىككى خىل مەقسەتنىڭ مۇۋازىنىتىدە شەكىللىنىدۇ.

ـ ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۇمىد

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ ئادەملەر كۆپىنچە قۇلاقتىن تاياققا، كۆزدىن گۇناھقا، ئېغىزدىن يالاغا قالدۇ.

▲ ئادەملەر ئۈچ خىل ۋاقىتتا كۆيۈنۈشكە ئەڭ موھتاج بولىدۇ: بىرى، بوۋاق ۋاقتىدا، بىرى، ئازابلانغان ۋاقتىدا، يەنە بىرى، قېرىغان ۋاقتىدا.

ـئابدۇۋەلى ئابلىز

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات كەسپى 2003 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روھ تىنىقلىرى

▲ پىكىر مەيدانىڭنى مۇستەھكەملەي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مەيدانىغا كىرگىن.

▲ ئايالالرنىڭ ئاجىزلىقى ھېجىيىپ تۇرۇشتا، ئەرلەرنىڭ ئاجىزلىقى ئېگىلىپ تۇرۇشتا.

▲ خەلقنىڭ ئۆزى ھەقىقەت. گەپ، «خەلق» دېگەن ئۇقۇمنى قايسى نۇقتىدىن تونۇشتا.

▲ ھەسەتخورنىڭ كۆلكىسىگە جۆر بولساڭ كۆلكىگە قالىسەن، ئىشقا جۆر بولساڭ ئاغرىماي ئۆلىسەن.

▲ شۈكۈر ـ قانائەتچان قوۋم، باشقىلارنىڭ روھىغا مەھكۇم قوۋمدۇر.

▲ ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم دۈشمىنىنىڭ تاغ كەبى ھاقارىتىگە كۆلۈپ ياشايدۇ، دوستىنىڭ مىسقالچىلىك تەنبىھىگە تەتۈر قارايدۇ.

▲ ھەددىدىن ئاشقان سادىقلىق ـ قۇللۇق دېمەكتۇر.

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە، چۈشەنگەندىن كېيىنكى يىرگىنىشتۇر.

▲ ھەق گەپ ئۇدۇل ئېيتىلىدۇ، غەزەپلىك؛ يالغان گەپ يايپتا ئېيتىلىدۇ، خۇشامەتلىك.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق چاقنىغان روھ، نېمىنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقى ئىكەنلىكىگە جاۋاب بەردى.

▲ چاكىنىغا چاكار بولساڭ سورۇلۇپ كېتىسەن؛ ھەسەتكە چاكار بولساڭ قورۇلۇپ كېتىسەن.

▲ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى روھنىڭ ئويغاقلىقى، ئېتىقادنىڭ كاملىقىدىن كېلىدۇ، ئىككىسى ئاجىزلاشسا ئەدەبىيات پۇچەكلىشىدۇ.

▲ خاتالىق بىلمەي سادىر قىلغاننىڭ يىلمىدۇر، بىلىپ سادىر قىلغاننىڭ گۇناھىدۇر.

▲ ئەدەبىيات، جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان ئادەمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلسا، ئىجتىمائىي رولى، تارىخىي ۋەزىپىسىدىن رازى بولاتتى.

▲ ئوقۇتقۇچىلار چۈشكۈنلەشسە، مىللەتنىڭ چىرىغى ئۆچىدۇ.

ـ ئالىم مۇھەممەت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ تونۇشۇش ھادىسە، چۈشىنىش ـ ماھىيەت.

▲ سىرىڭنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغان ۋاقتىڭ، ئەڭ ھاياجانلانغان ياكى ئەڭ ئازابلانغان ۋاقتىڭ.

▲ خۇشامەتتىن ئېرىشكەن ئۇتۇق ساختا پۇلغا ئېرىشكەن بىلەن باراۋەر.

▲ يالغان سۆزلىگەندە جىددىيلىشىپ كەتكەن ئادەملەر، ئەسلي

سەممىي ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن، پەقەت ئۇلار يالغان سۆزلەپ باقمىغاچقا، مۇشۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

▲ خىيالچان كىشى ـ ھېسسىياتنىڭ قۇلى.

ـ ئامانگۈل ئابدۇرەشىد

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئايلىنىۋاتقان مەتبۇئات ئەدەبىياتىمىزنى چىنلىقتىن، ئاپتورلارنى خەلقتىن ئايرىۋېتىدۇ.

▲ مۇدىر باھالاشتىن ئۆتۈش، ئوقۇتقۇچىلار ئۆتۈۋان ئېلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈنلا تىرىشىدىغان شەكىللىۋازلىقتا ھەقىقىي خاتىمە بەرگەندىلا، مائارىپىمىز تەرەققىيات ئىزىغا چۈشىدۇ.

▲ بالىنىڭ بۇزۇلۇشى ـ يالغانچىلىقتىن، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ـ بۇزۇقچىلىقتىن، ھاكىمىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ـ چىرىكلىكتىن، قانۇننىڭ بۇزۇلۇشى ـ پارىخورلۇقتىن باشلىنىدۇ.

▲ تەبىئىيلىك بولمىسا، جەلپكارلىق بولمايدۇ.

▲ نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى «تەگىنىڭ ئاۋازى بىلەن تاماقنىڭ پۇرىقى» رومانتىزم بولسا، «بايلارنىڭ كېكىرىكىدىن نامراتلارنىڭ تويۇپ تۇشى» رېئالىزمدۇر.

ـ توختى ناسىر

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## سۆكۈتتىكى ھېسلار

▲ ئادەم تۇرمۇشتا غەلىبە قازىنىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ يىقىلغان قېتىم سانىدىن ئورنىدىن دەس تۇرغان قېتىم سانى كەم بولماسلىقى كېرەك.

▲ دوستۇڭنىڭ يىغلىتىشى تۈزەش ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ كۈلدۈرۈشى بۇزۇش ئۈچۈن.

▲ مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكىنى باشلانغاندا، ھەسرىتىنى ئايرىلغاندا ھېس قىلىسەن.

ـ ياسىنجان ئوسمان (ئوقيا)

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ روھىيىتىمۇ، مەنىۋىيىتىمۇ نامراتلار، قورسىقىنى ھۆكۈمەتكە، جېنىنى ئاللاغا ئامانەت قويۇۋەتكەنلەردۇر.

▲ پۇرسەت كۈتكەنگە ئەمەس، ئىزدىگەنگە كېلىدۇ.

ـ نۇرگۈل دايىت

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى يانئېرىق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ تۇرمۇشنىڭ جەبىر ـ جاپالىرىنى كۆپ كۆرگەن كىشىلەر سەپرا كېلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا ياشىماي دېسەڭ، مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بول.

▲ بىز تولىمۇ مۇرەككەپ، چوڭقۇر ئويلاپ كەتكەن ئىشلار ئاخىرقى ھېسابتا ئىنتايىن ئاددىي ئىش بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

▲ ئادەمدە ئەقىل بولمىسا، باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي ئامالى يوق.

▲ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەڭ يېقىن دوستۇڭمۇ ساڭا ھەسەت قىلىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «سوۋغات» قوبۇل قىلمايدىغان ئادىل ئەمەلدار.

▲ ئەي قىز، بەختىڭنى «ئاكىلار»دىن ئىزدىمىگىن. چۈنكى ئۆز ئائىلىسىنى بەختلىك قىلالمىغان ئادەم، سېنى قانداقمۇ «بەختلىك» قىلالىسۇن؟

ـ بەھرىنسا ئادىل (دىلەفكار)

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2001 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر توختىماي ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچى ـ پۇل. پۇل گەرچە ساياھەتچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىرمۇ مۇقىم تۇرالغۇسى يوق.

ـ ئىمام مەجىد خەنجەربي

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدا، دېھقان

▲ دوستۇم، جەمئىيىتىمىزدىكى نۇقسانلارغا ھەيرانلىق كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىبرەتلىك كۆزۈڭ بىلەن قارا، شۇندىلا خاتالاشمايسەن.

ـ مەرەمنىسا ئابدۇقادىر

ئاپتور: تېكەس ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خاتىرەمدىن تەرمىلەر

▲ تەبىئەتنى بويسۇندۇرىمەن، دېگۈچىلەر تەبىئەت تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. بۇ، تەبىئەتنىڭ ئەنئەنىسى.

▲ ئىنسان ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش ئىستىكىدە نۇرغۇن ئۇنۇملۇك دورىنى ئىختىرا قىلىۋاتىدۇ، ئەكسىچە، مۇھتىن ئىبارەت ئەڭ شىپالىق، ئۇنۇملۇك دورا بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ.

▲ ئاددىي ئىشلارنى چىڭ تۇتقان ئادەمگە،
مۇرەككەپ ئىشلارمۇ ئاسان بولۇر ھەردەمدە.

ـ ئىسمائىل كېرەم

ئاپتور: قومۇل شەھەر قارادۆۋە بېزىسىدا، سودىگەر

* * *

▲ باشقىلارغا يول باشلىغۇچىلار ـ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلگۈچىلەردۇر؛ باشقىلارغا ئەگەشكۈچىلەر ـ ئۆز تەقدىرىنى دوغا تىككۈچىلەردۇر؛ باشقىلارغا قاراپ تۇرغانلار ـ ئۆزىنى يوقاتقانلاردۇر.

ـ ئابدۇرەھىم ياسىن

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خەتنە (سۈننەت) توي باللارنىڭ تويى بولماستىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىككىنچى تويى بولماقتا.

ـ مەمتىمىن كېرىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئويتاغ بازىرىدا

**تەپەككۇر تەرمەچلىرى**

▲ بىكارچىلىق ـ مېڭىگە سېلىنغان كىشەن.

▲ بىزدە ئىزدىنىشتىن باھانە كۆرسىتىش كۆپ، شۇڭا نەتىجە قازىنىش ئورنىغا مەغلۇبىيەت چىقىۋالدى.

▲ چىداش باتۇرلۇق، كۆنۈش قۇللۇق.

▲ پەرزەنت تەربىيىلەش ماھارىتى ـ تارىخنى يارىتىش ماھارىتى.

ـ ئابدۇرەھمان ئابدۇئەزىز

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇردىن سارقىندىلار**

▲ ئۈمۈتسىزلىق ۋە مەھرۇملۇقتىن كېيىن ئەڭ ياخشى قارارلارنى چىقىرالايسەن.

▲ گۈزەللىكىڭدىن مەغرۇرلىنىۋاتقان چېغىڭدا، شۇنچە چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى خازان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي.

▲ ئادەمنى بىردەمدىلا ئارمانلىرىغا يەتكۈزەلەيدىغان ۋە تېزلا مەھرۇم قىلالايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ خىيال.

▲ باشقىلارغا ۋەدە بەرگىنىڭ، مەنىۋى جەھەتتىن قەرزدار بولغىنىڭ.

▲ ئازابلانغان چېغىڭدا پۇشايمان ۋە ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىڭنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا نېمە ئىش قولۇڭدىن كېلەتتى؟!

**ئەبجەش پارچىلار**

▲ جېكىدىن ئاشقان ئىشلار ھەر قانچە ياخشى ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەمنىڭ بىزارلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ.

▲ يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى بىر ئېغىز سۆزۈڭنى باشقىلاردىن ساقلاپ قال.

▲ كۆپىنچە ھالدا سەزگۈرلۈكۈڭ ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ گۇمانخورلۇق تۈپەيلىدىن قولدىن بېرىپ قويىسەن.

▲ شەكلۋازلىقنىڭ مەنبەسى ـ مەجبۇرلۇق.

▲ پەرداز ـ ئۆز ئەيىبىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

▲ بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋەرگەنسېرى ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ «خوش!» دېگەن بۇ سۆز، مېنىڭچە، ئەڭ زور مەھرۇملۇقنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك.

▲ ئالدىڭدىكى قىزغا نىيىتىڭنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۇنى ھەقـــقـــي ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭنىڭ ئىپادىسى.

▲ بىراۋنى قايتا ـ قايتا سىناۋەرسەڭ، ئاخىرى ئۆزۈڭنى سىناپ بېرىسەن.

▲ تەلپىڭنى رەت قىلغان كىشىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغىنىڭ بىر بولسا جاسارىتىڭنى، بىر بولسا ھېلىگەرلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ.

ـ ئابدۇغەنى ئابدۇرەھمان پەيزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قولىقىمىز ئىككى خىل ئەھۋالدا ناھايىتى ئۈنكۈرلىشىپ كېتىدۇ: 1. باشقىلار غەيۋىتىمىزنى قىلغاندا؛ 2. بىز باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغاندا.

▲ ئىككى خىل ئادەم بىزنى بىزار قىلىدۇ: 1. ئەزەلدىن نەسىھەت ئاڭلىمايدىغانلار؛ 2. دائىم بىزگە نەسىھەت قىلىدىغانلار.

▲ پەقەت ئەڭ چوڭقۇر ئويلىيالايدىغانلارلا ئەڭ ئاددىي سۆزلەر بىلەن بىزنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

▲ ئىككى خىل ئادەم ھامىنى مەغلۇپ بولىدۇ: 1. ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىگە كىرىدىغانلار؛ 2. ھېچقانداق ئادەمنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغانلار.

ـ ئەلقەم ئاۋۇتجان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇر چېقىنلىرى**

▲ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئادەم خۇددى باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قىزدەك ئازابلىنىدۇ، چۈنكى كۆڭۈلنىڭ قىزلىقى سىر.

▲ ھازىرقى ئىنسانلار ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەنلىكىدە.

▲ مۇھەببەت بىر شاخ ـ چاتاقلىرى كۆپ دەرەخنىڭ غولى، بۇ غولدىن ئەر ـ ئاياللار مۇھەببىتى، ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇھەببەت، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت، كەسپكە بولغان مۇھەببـــەت... قاتارلىق شاخلار ئۆسۈپ چىققان، بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى بولسا ئەقىل، ۋىجدان، ئېتىقاددۇر.

ـ ھەزرىتىئەلى روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر تامچىلىرى**

▲ يايلاقتا ئەركىن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا قارىغاندا، ئارقىنى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئات كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدۇ.

▲ قايتا ـ قايتا پۇرسەت كۈتكەنلىك، قايتا ـ قايتا ھايات مەسخىرىسىنى كۈتكەنلىك.

▲ مەكتەپ باغلىرىنى مۇھەببەت باغچىلىرىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلار، ئۆز خامىنىغا بۇغداي تۆكمەي سامان يىغىۋاتقانلار.

▲ ھايا ـ ئاياللارنىڭ جىرىمەس يىلتىزى.

ـ ئاسىيە نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

تارىختىن مەلۇمكى، نوپۇز ۋە ھوقۇق قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەلدە چىن مەنىدىكى ئادىللىق ۋە باراۋەرلىك بولمايدۇ.

ـ ئەخمەتجان مجىت

ئاپتور: باي ناھىيە ئىمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى ئىمگەك مەمۇرىي تەپتىش جوڭ ئەترىتىنىڭ خادىمى

▲ ئىمتىھاننى بىز تاقابىل تۇرۇۋىدىغان رىقابەت دەپ تاللىساق، ئۇ چاغدا چىقىش يولىمىز ئىمتىھاندەك سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئىنكار قىلىنمىغان يالغانچىلىق ۋاقتىنچە ھەقىقەت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

▲ ئادەملەر نېمىلا ئۆگەنمىسۇن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى شۇغۇللانغان كەسىپنى ئەڭ مۇھىم ـ پۇختا بىلىشى زۆرۈر.

▲ نىيەت ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ، ئادەملەرنىڭ نىيىتى توغرا بولسا، ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنى كەچۈرۈۋەت، ئۇ ھەرقانچە زىيان سالسىمۇ سەن يېقىن بىلگەن، ئىشەنگەن دوستۇڭدەك زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ كۆتكەن يارى ھەرگىزمۇ ئۇ ئىزدىگەن قىز بولماستىن، بەلكى تەقدىر چاقچاق قىلىپ تونۇشتۇرغان ھەمراھدۇر.

▲ ھەر قانداق ئالىي مەكتەپمۇ سەن ئۆزلۈكىڭدىن ئۆگەنگەندىن ئارتۇق بىلىم بېرەلمەيدۇ.

ـ ئابدۇلئەلى يۈسۈپ

ئاپتور: گوما ناھىيە دۇۋا بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئەڭ قىممەتلىك تەربىيىلەرنى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

▲ كەينىدە قېلىشنىڭ مەنىسىنى مەن ئالدىمىدىكىلەرنىڭ توزۇتقان چاڭلىرى كۆزۈمگە، كەينىمدىكىلەرنىڭ تاپا ـ تەنلىرى يۈرىكىمگە پاتقان چاغدا ئاندىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ـ ئابدۇرەشىد مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ۋىجدانىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈلچىمەكچى بولسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنىڭ تارازىسىغا سېلىپ بېقىڭ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەلەپچان دادا، مېھرىبان ئانا، يېتەكچى ئۇستاز.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تۆكۈلۈپ تۇرغان ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن ئازغۇچىلارنى توغرا يولغا باشلىسا، ئىزدەنگۈچىلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ.

▲ ھازىرقى دەۋردە ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى چۈشىنىڭ ھەم نۇرغۇن، ئاندىن خەقنى چۈشىنەلەيسىز ھەم تونىيالايسىز.

▲ كىشىلىرىمىزدىكى ۋاقىت ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئارىمىزدىكى لايغەزەللەرنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدى.

▲ روھىي ساغلاملىق ـ ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

▲ يىغا دائىم ئەتراپىڭىزدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇداپىئە قۇرۇڭ؛ كۈلكە دائىم سىزدىن قاچىدۇ، ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭ.

▲ ئەمەلگە ئاشماس خىياللارنىڭ قۇلى بولماڭ. چۈنكى رېئاللىق ھەممىگە رەھىمسىز ۋە قاتتىق قول.

ـ ھەبىبە خوجا

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ دۆت مەخلۇق ئادەمدۇر. چۈنكى ئۇ بىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ـ مانا بۇ ئەقىللىقلىقى. دۆتلۈكى بولسا، ئادەم ھېچقانداق ھايۋان قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلغانلىقىدا.

ـ مۇھەممەتنىياز ئىمىنىياز

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىرىنچىدىن، خەلقىمىز ئارىسىدا «كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن»دەك كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلدىم؛ ئىككىنچىدىن، ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرگە (ئاز ـ كۆپ، چوڭ ـ كىچىك بولسۇن) «مۇناسىۋەت»، «ئارقا تىرەك» تىلىك بىھاجەت ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي قابىلىيەتنىڭ مەڭگۈ جەلپكار بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ـ مەۋلۇدە ئەلى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كەسپى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھاياتىڭدا ئۈچ خىل ئادەمدىن ھەزەر ئەيلە: بىرىنچىسى، نامەرد يىگىتتىن؛ ئىككىنچىسى، ھاياسىز قىزدىن؛ ئۈچىنچىسى، قاقۋاش قېرىدىن.

ـ نۇرگۈل ئۆمەر

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر سىز ئەزەلدىن قورقۇپ باقمىغان، تەڭلىكتە قالمىغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئەزەلدىن تەۋەككۈلچىلىك قىلماپسىز.

ـ گۈلجامال ئۇبۇل

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىنستىتۇتى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى كەسپى 2003 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ماھىيىتىدىن قارىغاندا، «مۇشتۇمزورلۇق قىلىش» ـ تېررورلۇقنىڭ ئەسلىي مەنبەسى.

ـ بەختىيار قادىر

ئاپتور: شىنجاڭ بىرا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2005 ـ يىللىق 14 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساڭا يامانلىق قىلغان ئادەمنى ئازابلايدىغان ئىش، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشتۇر.

▲ ئازاب ۋە دەردكە مۇپتىلا بولغاندا چۈشكۈنلەشمەسلىك، قاتتىق ھاياجانلانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، كەيپىياتى ناچار بولغاندىمۇ باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ـ سەۋرچانلىقتۇر.

ـ مۇقەددەس

---

ئاپتور: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى داۋالاش كەسپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، بىر توپ نادانلار ئارىسىدا يۈرگىنىڭ، خائىن ـ غالچىلار ئارىسىدا يۈرگىنىڭدۇر.

ـ تۇرسۇن قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ بېشىڭغا بەخت قۇشى قونغاندا دوستۇڭ سېنى چۈشىنىدۇ؛ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سەن دوستۇڭنى چۈشىنىسەن.

ـ گۆھەر پاشا ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ (ئىجتىمائىي پەن) ئوقۇغۇچىسى

▲ سىنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ دېمىدىڭ، كۆزۈڭ دېدى.

▲ تۆھمەت گاچىنىمۇ زۇۋانغا كەلتۈرەلەيدۇ.

▲ بۇرۇن ئازابلىق ھەم زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇمغا لىرىك مۇزىكا خاتىمە بەرسە، ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خاتىمە بېرىدىغان بولدى.

▲ بىز نەچچە رەت ئۇچراشساقمۇ، كۆڭلىمىز ئۇچراشمىسا بىكار.

▲ سەن ئەمدى ئالدىرىمىساڭ، ئىستىقبالىڭ تەمتىرەپ قالىدۇ.

▲ كىشلەرنى شەخسىيەتچى، شەخسىيەتچى ئەمەس دەپ ئايرىغاندا، سىز ئاۋۋال كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈڭ. سۈرەتنى قولىڭىزغا ئېلىپ كۆرگەندە تۇنجى رەت كۆز تاشلايدىغىنىڭىز ئانىڭىز، دادىڭىز، يېقىن دوستىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزدىن ئىبارەتتۇر. بۇ بولسا كىشلەردە ئاۋۋال ئۆزىنى، ئاندىن باشقىلارنى ئويلايدىغان خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ـ رابىيگۈل ئابلىكىم

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا ـ ئۇچۇر ـ ئېلېكترون تېخنىكىسى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەغرۇر يۈرۈشى، ئەينى ۋاقىتتا مەن ياراتمىغان تىرىسلەرنىڭ قىممىتى بايقىيالىغانلىقىدىندۇر.

ـ نىياسەم ساۋۇت

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە «باشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئادەملەر بىلەن كىتابخانىنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرماقتا.

ـ زەينۇللا ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاياللار ھەققىدە ئاچچىق ئىزتىراپلار

▲ ئانىنىڭ نەسىھىتى ئەمەلىيىتىدە كۆرستىلمىگىچە بالىغا سىڭمەيدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ يۈلىنى خەجلەشكە ماھىر ئاياللار بىر بولسا شۇ ئەرنى نابۇت قىلىدۇ، يەنە بىر بولسا ئۆزىنى.

▲ قىزلارنى خورازنى كۆرگەندىمۇ ئەگىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇش، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئاتىلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھايا قىلماسلىقتىن توسۇش ئىدى.

## ئەقىل تىنىقلىرى

▲ قىزلىق پەردە ئوپېراتسىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ـ قىزلارنىڭ يۈرىكىنى جوڭايتىۋەتسە، يىگىتلەر ئۈچۈن ئېغىر ئۆھسىنىش ۋە سىناق ئەكەلدى.

▲ ئۆزى قىلالمىغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن ئىزدەش، ئاجىز كىشلەرنىڭ بىر خىل باھانىسىدۇر.

## ئۆزىمىز ھەققىدە خۇشاللىنارلىق «ئەڭ» لەر

ئەڭ سۆيۈنىدىغىنىمىز ـ ئەسلىمىزنى ئىزدەش.

ئەڭ چوڭ ئىلگىرىلەش ـ پەرقنى تېپىپ چىقىش.

ئەڭ بۇرەكلىكلىكىمىز ـ ھەقىقەت ئالدىدا تىك تۇرۇش.

ئەڭ چوڭ غەلىبە ـ ئاڭدىكى ئويغىنىش.

ئەڭ ياخشى ئىلگىرىلەش ـ پەنگە يۈزلىنىش قىلغىنىمىز.

ئەڭ تەمكىنلىكىمىز ـ ئالدىراپ تەن بەرمەسلىك.

ئەڭ قەدىرلەۋاتقىنىمىز ـ يوقالماقچى بولغان نەرسىلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىكى روھ.

ئەڭ خۇشاللىنىدىغىنىمىز ـ يېزىلاردىكى مەدەنىيەت.

ئەڭ زور نىشان قىلىدىغىنىمىز ـ مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە تونۇتۇش.

ـ ئىبراھىم تۇنىياز ئەرتۆلىك

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىنسان قەھرى تۇتقاندا ۋە مېھرى يۇتقاندا ئىچ گېپىنى دەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ كۆزى ـ قەلبىنىڭ ئىنىكىزى.

▲ ئەسلەش ـ كۆڭۈلنى بەزلەش دېمەكتۇر.

▲ بارماقنىڭ بىگىزى ئۇزۇن، گەپنىڭ تېگىزى قىسقا بولىدۇ.

▲ خورازنىڭ چىللىشى ـ ئۇخلىغانلارنى تىللىشى.

ـ ياقۇپجان ئەھمەت (مۇڭداش)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە يۇرجاقچى يېزا ئوتتۇرا باغاچچى كەنت چۆجە مەھەللىسىدە، دېھقان

## ئىمىن تاجى ھېكمەتلىرى

▲ تەپەككۇرى يېتىلمىگەن ئادەم ـ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئەقلى كەمنىڭ بەختى كەم.

▲ بۈگۈنگە قەرز بولغانلار ئەتىنىڭ قۇللىرىدۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئېتىقاد دەپسەندە بولغان يەردە ھەممە نەرسە دەپسەندە بولۇشقا يۈزلىنىدۇ.

ـ ئىمىن تاجى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھەقىقىي ۋەدە ئاۋۋال ئىشلەپ ئاندىن سۆزلەيدۇ.

▲ ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلاشقان مىللەت باشقىلارغا قانچىلىكى ئوخشىسا، شۇنى ئىلغارلىق، دەپ قارايدۇ.

▲ كىمكى تۈنۈگۈندىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ بۈگۈن ئۈچۈن تىرىك يېتىمدۇر.

▲ جەننەت، دوزاخ ھەر كىمنىڭ نىيىتى بىلەن قولىدا.

▲ ئادەمنىڭ سۆزى، ئىشى، ھەرىكىتىگە قاراپ بېرىلگەن ماختاش ۋاقىتلىق، ئەمما ماھىيىتىگە قاراپ بېرىلگەن ماختاش باقىيدۇر.

▲ ھەقىقىي ئەركىنلىك، كۆڭۈل بىلەن ئەقىل تەڭ قانائەت ھاسىل قىلغان ئەركىنلىكتۇر.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ گۈل ـ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى مۇھەببەتلىك ئادەملەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ.

ـ زۇرا بىشنالى

ئاپتور: قىرغىز، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەكتەپ بىزنى ئۆگىنىشكە باشلىسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

ـ ئەنۋەرجان ئەركىن

▲ ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خەپ ـ بىر بولسا ئىرادە، بىر بولسا تەن بېرىش.

▲ تاماكا ـ تارتقانسېرى چېكىدىغان ئەجەل سىرتمىقى.

ـ ئەسقەر مەخەت

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشەرىق يېزا باقسىلار كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ھايۋانىي جۇشقۇنلۇق ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ؛ ئادەمنى جۇشقۇنلۇق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يەتمەيدۇ.

▲ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللى دېگەنلىك، كەلگۈسىنىڭ جاۋابكارى، دېگەنلىكتۇر.

▲ باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىگە توغرا تەبىر بېرەلمىسەڭ، ئۇ كۈن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

▲ تارىختا قارايدىغان بولساق ھەر قانداق قەھرىمانىنىڭمۇ مەغلۇپ بولمىغان ۋاقتى بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەم چېكىنىش يولى قالدۇر. سەن قالدۇرغان ئۇ يول سېنى قايتا غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن.

▲ ئۆزگىلەرنى يەڭگەنلەرنى باتۇر دەپ ئاتىساق، ئۆزىنى يەڭگەنلەرنى نامسىز قەھرىمان دەپ ئاتاش كېرەك.

▲ ئۆزگىلەرنى يېڭىپ، ئۆزىنى يېڭەلمىگەنلەر ماددىي جەھەتتە باتۇر، روھىي جەھەتتە ئاجىزلاردۇر.

▲ ئىككىيۈزلىمچى كىشىلەر مەنسەپدارلار يېنىدىكى بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىدۇر. بۇ بومبىنىڭ پارتلايدىغان ۋاقتى دەل ئاشۇ مەنسەپدارغا كېلىشمەسلىك كەلگەن كۈندۇر.

▲ ھېسابسىز مال ـ دۇنيايىڭ بولغىچە، ئىناقلىق بىر ئائىلەڭ بولسۇن.

▲ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى مىللەتنى ئىدارە قىلىدىغان مەنىۋى قانۇندۇر.

▲ ئائىلىدىن رازى بولغان ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر.

▲ ھەسەتخور كۆپ ئەلدە بىرلىك بولماس.

ـ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ مېيىپلىق تەندە بولغان بىلەن، ئاجىزلىق ئەقىلدە بولىدۇ.

▲ «نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا؟» لىقنى بىلمەي كېتىۋاتقان كىشىلەر دەل ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقان كىشىلەردۇر.

▲ مېنىڭچە، ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى قانچە يۈزەكى بولسا، ئۇنىڭ نادانلىقى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ، ئۆزگىنى چۈشىنىشى قانچە يۈزەكى بولسا، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.

▲ جەمئىيىتىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلغانسېرى كۆپىيىپ، تىللىغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئاشۇ پاش قىلغۇچىلار ۋە تىللىغۇچىلارنىڭ شۇ ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىغانلىقىدا.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جەڭ مەيدانىدا نەسلى قۇرۇمىغان قوۋمنىڭ ھاراق مەيدانىدا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورالىق بۆلۈمىدە

## بايلىققا پۇتلاشقان قۇرلار

▲ بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش تەمەسى ھەممە ئادەمدە ئوخشاش بولىدۇ. ھالبۇكى، قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى سەرپ قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، كىشىلەرنىڭ بايلىق ئالدىدىكى ماھىيىتىنى ئەيادىلەيدۇ.

▲ بەزىلىرىمىز باشقىلارغا موھتاج بوپقالماسلىقىمىز ئۈچۈن بايلىق توپلايمىز، بەزىلىرىمىز باشقىلارنى ئۆزىمىزگە موھتاج قىلىش ئۈچۈن بايلىق توپلايمىز.

▲ بايلىققا ئېرىشمىسەڭ موھتاجلىقتىن قىينىلىسەن، بايلىققا

ئېرىشسەڭ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش قايغۇسى ئوخشاشلا سىينى قىينايدۇ.

▲ بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى پەزىلىتىڭگە، ئۇنى سەرپ قىلىش ئۇسۇلىڭ شۆھرىتىڭگە مەنسۇپتۇر.

▲ بايلىقنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ ئەۋلادلىرىنى نادان قالدۇرۇش، ئۇز بايلىقنى ئەشەددىي رەقىبىگە قالدۇرغان بىلەن باراۋەر.

* * *

▲ ھەممىمىزنىڭ پادىشاھ بولۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ باققان ۋاقتىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ ئانىمىز قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتقان، ئۇنىڭغا ئەركىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدۇر.

ـ مەتناسىر ياسىن

ئاپتور: تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئىشىنىدىغىنىم ـ ھەممە ئۆزگىرىدۇ.

▲ سىناش ـ غەلبىنىڭ خىيمر تۇرۇچى.

ـ ھەسەنجان ھېسامىددىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىسىدە، ئوقۇغۇچى

▲ ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشى ـ ئۆملۈكنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ـ ئۆيۈشقاق

ئاپتور: نىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ يېسىم بولمىسا تەرەققىيات، ئېھتىياج بولمىسا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

▲ ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئېرىشىش قانچە تەسلەشكەنسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقاد ۋە ئىنتىلىش شۇنچە كۈچىيىدۇ.

▲ مۇنداق ئۈچ نەرسىنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، قولدىن كەتكەن ئىشەنچ، ھۆرمەت ۋە خاتا بېسىلغان قەدەم.

▲ ئېھتىياجدىن ئارتۇق كەتكەن نەرسىنىڭ لەززىتى بولمايدۇ.

▲ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭلا سېنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا سالالايدۇ.

▲ پەقەت ئۆزۈڭگىلا تەۋە بولىدىغان نەرسە ـ ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر.

▲ پۇلۇڭ بولسا خالىغان ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالىشىڭ مۇمكىن، بىراق پۇل بىلەن قايتۇرۇۋالغىلى ۋە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئىككى نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا ـ ئانا ۋە خوشاللىق تۇيغۇسى.

▲ ھەر خىل مېھىر ـ مۇھەببەتلەرنىڭ ئىچىدە پەرزەنت مۇھەببىتى ئەڭ غەرەزسىز، ئەڭ پاك، ئەڭ شىرىن مۇھەببەتتۇر.

▲ ئەگەر ئېقىن سۇدا توسالغۇ تاشلار بولمىغاندا ئىدى، ئۇنچە كۆۋەجەپ ئاقالمىغان بولاتتى.

▲ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئادەم بىر بولسا ئەڭ باغرى يۇمشاق ئادەمگە، بىر بولسا ئەڭ باغرى تاش ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ـ گۈلباھار سابىر

ئاپتور: ئائۇش شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە مۇئەللىمى

## گۈل رەڭگىدە سۆزلەش

▲ ئاتا ـ بارلىقىڭنى ئاتا.

▲ دېھقان ـ تۇغراقتەك چىداملىق، قامغاقتەك ئاجىز.

▲ ئابروي ـ سىر.

▲ دۇنيا ياش تۆككەنگە ئەمەس، مۇشت تۈگكەنلەرگە ئامراق.

▲ سەبىيلىك ـ سۇلتانلىق.

▲ سوئال بەلگىسى ئورغاققا ئوخشايدۇ، كاللىدىكى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان سوئاللار ئۇنى بىلەپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا جاۋاب چىقمىسا، ئۇ كاللىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

## تەبەسسۇملارنىڭ يەنە بىر يۈزى

▲ مەسلىھەتنى جىچى ئاقلاردىن ئەمەس، دىلى ئاقلاردىن سورا.

▲ ناھەقچىلىك ئالدىدا يۈزى قىزارمىغان ئەر ئەمەس.

▲ بالا ئۈچۈن ئاتىنىڭ بىر ئەمەلىيىتى مىڭ ئېغىز تەربىيىدىن ئارتۇق.

▲ كاللا پىشقانسېرى سوئال كۆپىيىدۇ.

▲ ئەڭ قورۇق ئوتتۇنغىمۇ «سەرەڭگە» لازىم.

▲ ھاياتتا ھەممە ئادەم شېئىر يازىدۇ، پەرق شۇكى، بەزىلەر قەغەزگە، يەنە بەزىلەر قەلبىگە.

▲ ئۆز قىممىتىنى بىلمىگەنلەردىن ئاغرىنىش بىھاجەت، چۈنكى ئۇلار ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش، دەپ قارايدۇ.

▲ مېھرىبانلىق ۋە ساداقەت ـ مۇھەببەتنىڭ ئىككى قانىتى.

▲ بىر ياخشى ئادەمنىڭ ھەممە قىلغىنى دوراش نادانلىق، ئەمما ئالىيجاناب پەزىلىتىنى دورىساڭ دانا ھېسابلىنىسەن.

▲ باللارنى ئەركە قىلىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئۇلارنىڭ قولىغا بەختسىزلىك دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغان بىلەن باراۋەر.

▲ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار، يىقىلغاندا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ.

▲ ئاقىل قان ـ تەرىدىن، نادان «ئاللا» دىن ئۈمىد كۈتىدۇ.

▲ ئانىلارنىڭ ئەمەلىيىتى قىزلارنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ـ مۇھەممەدىن سەمەت ئەلقادىر

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھازىرقى زامان ئوغۇللىرىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، ئەجداد روھىنىڭ خىرەلىشىۋاتقانلىقى.

▲ ئېسىڭىزدە بولسۇن، قولىڭىزدا بىر نان بولسا ئۇنىڭ يېرىمىنى باشقىلارغا تەگلىيەلەيسىز. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئېغىزدا شەھەر ئېلىش بىلەن باراۋەر.

ـ تىمتاس

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

## ئەقىلدىن تامچىلار

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، قانۇن توغرا ئىجرا قىلىنمىغان يەردە يۇقرالار ياۋاش، جىنايەتچىلەر غالجىر.

▲ ئىجتىھات ـ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمى، ئۈمىد ـ ھاياتنىڭ يې-

رىمى، ئىقتىسادچىللىق ـ بايلىقنىڭ يېرىمى، ھەرىكەت ـ ئۆمـۈرنـىڭ يېرىمى.

▲ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت ئالدىدا ھەمىشە ئۈلگىلىك دەرس بەرگۈچى ئۇستازدۇر.

▲ ھۇرۇنلارغا نىسبەتەن بۇ دۇنيا بەك بېخىل، ئىشچانلارغا بەك سېخىي.

▲ دېھقاننىڭ قولى قاتتىق، تىلى قاتتىق؛ دىلى يۇمشاق، نىيىتى تاتلىق.

▲ يادلىماق ئاسان، چۈشەنمەك تەس؛ ئېيتماق ئاسان، ئىشلىمەك تەس.

▲ ئەقىل ـ ماتور، تەپەككۇر ـ رول، تەدبىر ـ چاق، ئىجتىھات ـ يول، ئىرادە ـ مەنزىل.

▲ ھاياتلىق ـ ئىمتىھاندۇر.

▲ سۆكۈت ـ يىقىلغان بالاڭ ئورنىدىن تۇرغىچە قاراپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

▲ ئائىلىدىكى دوزاخ ـ كوت ـ كوت ئايال، ھاياسىز، ۋاپاسىز بالا.

▲ ئىككى خىل ئادەمنىڭ غېمى كۆپ بولىدۇ: بىرى، گاداي، بىرى، يېڭى باي.

▲ بىر كىتابنى ئوقۇپ ۋەقەلىكنى يادلىۋالغىنىڭدىن، بىر جۈملە ئەقلىيەسنى چۈشىنىپ، ئىگىلىۋالغىنىڭ ئەۋزەل.

▲ پەن ـ تېخنىكا ئۆگەنمىگەن ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى جانسىز، ئەدەبىيات ئۆگەنمىگەننىڭ سۆزى جانسىز، پەلسەپە ئۆگەنمىگەنـنىڭ پىكرى جانسىز، تارىخ ئوقۇمىغاننىڭ پاكىت ئاساسى جانسىز.

▲ بالا يۈزۈلسا ئائىلىنى پالاكەت باسىدۇ، ئانا بۇزۇلسا جەمئىيەتنى ئاپەت.

▲ كىتابنى كۆپ ئوقۇغانچە بىلىمىمىز كۆپىيىدۇ، پۇلـنى كـۆپ تاپقانچە ھېلىمىز.

▲ ئەر بىكار تەلەپ بولسا ئايال ئاۋارە، ئايال بىكار تەلەپ بولسا ئائىلە ۋەيرانە.

▲ غايە ـ سىز سۆيىدىغان، لېكىن سىزنى سۆيمەيدىغان قىزغا ئوخشايدۇ.

▲ پەزىلەتلىك ئاياللار ـ جەمئىيەتنىڭ كۆركى، ئائىلىنىڭ زىننىتى، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، ئۆينىڭ بەرىكىتى، ئەرنىڭ قانىتى، پۈتـكـۈل ھاياتنىڭ شېرىن مېغىزى.

▲ كىشلەر تۇرمۇشنى كۆزىدە كۆرىدۇ، شائىر ـ يازغـۇچـىلار مىكروسكوپتا كۆزىتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ، يانغىنـغا ئايلاندۇرۇشنى بىلمىسەڭ ئۆچۈپ قالىدۇ.

▲ ئوڭۇشسىزلىقنى كۈلۈپ قوبۇل قىلىپ، قوشۇمىسـىنى تـۈرۈپ سەۋەبىنى تېپىپ، چىشىنى چىشلەپ قايتا ئىشلىگەنلەر مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە چوقۇم يېتىدۇ.

▲ پەرزەنت بىر ۋاراق ئاق قەغەز، ئاتا ـ ئانا رامكا ـ سىخىما سىزىدۇ، مۇئەللىملەر رەڭ ـ بوياق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

▲ باللارنى، ياشلارنى ئەدەبسىز، ئەخلاقسىز دەپ ئەيىبلىگۈچە، ئاتا ـ ئانىلىرىدىن نېمىنى ئۆگەنگىنىنى سوراپ بېقىڭ.

▲ ئەدەبىيات ـ بارلىق پەنلەرگە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ گەپنى چىرايلىق قىلغانلار بىلىملىك ئەمەس، ئىشنى چىرايلىق پۈتتۈرگەنلەر بىلىملىك.

▲ ھايا ـ ئىنساننىڭ پەزىلىتى، ئەدەبنىڭ بېشى، ئىماننىڭ مەركىزى.

▲ قوش تىللىق، كۆپ تىللىق بولسۇن، كۆپ دىللىق بولمىسۇن.

▲ كەتمەتنى چاپقانچە ئۆتكۈرلىشىدۇ، مېڭىنى ئىشلەتكەنچە.

▲ ماددىي ئوزۇق بىلەككە ، روھىي ئوزۇق يۈرەككە بارىدۇ.

▲ ياخشى كىتاب ـ ئابىدە.

▲ بىلىم ـ ھايات دوقالدا مەشئەل، كۈرەشتە قورال، جىددىي پەيتتە ئامال.

▲ تەن گۈزەللىكى كۆزنى مايىل، قەلب گۈزەللىكى كۆڭۈلنى قايىل قىلىدۇ.

▲ ئىرادە ـ روھىي دۇنيايىڭنىڭ ئېنېرگىيىسى.

▲ ئانىنىڭ سۈتى دۇنيادا تەڭداشسىز ماددىي ئوزۇق؛ ئانىنىڭ قەلبى دۇنيادا تەڭداشسىز روھىي ئوزۇق.

▲ مائارىپ ـ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پاراۋوزى، ئوقۇتقۇچىلار شوپۇرى.

▲ كۆز ـ كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى، سۆز ـ يۈرەكنىڭ.

▲ يازغۇچى خەلقنىڭ شاگىرتى، ئەسەرلىرى خەلقنىڭ ئۇستازى.

▲ كەسىپىدىن جان بەرگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىغا «تان» بېرەلەيدۇ.

▲ ئۆيگە پاتمىغان بالا، يۇرتىغىمۇ پاتمايدۇ.

▲ بىلىملىك ئەر ئامەتلىك، ھۈنەرلىك ئەر بەرىكەتلىك، پەزىلەتلىك ئەر ھۆرمەتلىك.

▲ «تەقدىر» بەزلەيدۇ، تەدبىر بەلگىلەيدۇ.

▲ بىلىمنى مىڭ ئۇستازدىن ئۆگەن، ھۈنەرنى بىرلا ئۇستازدىن.

▲ ئىككى كۆزۈڭ ئەقىل تاپسۇن، ئىككى قولۇڭ پۇل تاپسۇن، ئىككى پۇتۇڭ يول تاپسۇن.

▲ كۆپ ئويلىساڭ ئامال تاپىسەن، كۆپ تىرىشساڭ كامال تاپىسەن، كۆپ ئۇخلىساڭ زاۋال تاپىسەن.

▲ ھۇرۇننىڭ ئىش قىلماسقا باھانىسى تولا، ئىش قىلسا تالىسى.

▲ قويچى بولساڭ ساناپ تۇر، باغۋەن بولساڭ چـاتـاپ تـۇر، دېھقان بولساڭ چاناپ تۇر.

▲ ئەر پۇل تاپسا خوتۇنى كوچا چۆرگىلەيدۇ، خوتۇن پۇل تاپسا ئېرى ئوچاق چۆرگىلەيدۇ.

▲ تۆل چوكان كوچىغا ماگىسا تارايدىغان سۆز تولا، چىرايلىق كوچىدا ماگىسا قارايدىغان كۆز.

▲ ئاڭلىغانلىكى سۆزنى توشۇما، پايدىلىق سۆزنى ئۇنتۇما.

▲ بالاڭ ئىلگىرىلىسە كۆۋرۈك بول، يىقىلسا تۈۋرۈك.

▲ بىھايا كۈلگەك كېلۇر، بىساپا تىرىككەك.

▲ ھەسەتخور ـ بەتقىلىق، غەيۋەتخور ـ سەت قىلىق.

▲ ساختىپەزنىڭ كۆتى ئېچىلۇر، ساداقەتمەننىڭ بەختى.

▲ نامراتنىڭ قولى قىسقا، قەرزدارنىڭ تىلى.

▲ ھەسەتخور تەنىچى، غەيۋەتخور تەرمىچى، قەسەمخور يالغانچى، ئاداۋەتخور خۇسۇمەتچى، تەمەخور تىلەمچى، پۇلدار مەنمەنچى، ياللاخور سۇخەنچى كېلىدۇ.

▲ باشقىلار چۈشىنەلمىگەن گۈڭگا شېئىر يازىدىغان شائىر، چۈشىنىپ بولغىچە غېرىب ـ مۇساپىر.

▲ غۇرۇر زەئىپلىكى، تەپەككۇر زەئىپلىكى، ئەقىل زەئىپلىكى ـ ئادەمنىڭ خار ـ زەبۇنلۇقى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر لوگىكىلىق تەپەككۇرىنىڭ جۇلالىق گۆھەر ـ مەرۋايىتلىرى.

ـ يالقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: موري قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## مۇنبەردە تۆرەلگەن تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ ئادەم مائارىپنى مەركەز قىلماستىن، مائارىپ ئادەمنى مەركەز قىلىشى لازىم.

▲ بىلىم ئېلىشتىكى مەقسەت ئوخشاش بولمىسا، بىلىمنىڭ قىممەت يارىتىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

▲ ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتكە ماسلىشىپ ماڭماستىن، بەلكى جەمئىيەتنى يېتەكلەپ ماڭغاندىلا ئالىي مائارىپنىڭ ئورنى تېخىمۇ كۆچىيىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى سائەت توشقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان يەردە، بالىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا ئوينىشى، تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلىمەسلىكى ھېچ گەپ ئەمەس.

▲ مائارىپىمىزغا نىسبەتەن مەكتەپ شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، بالىلارغا قانداق ئۆگىتىش، نېمىنى ئۆگىتىش، نېمە ئۈچۈن ئۆگىتىش، تەربىيىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى، كىملىكىنى تونۇتۇش، بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

▲ ھەر قانداق بىلىم چوقۇم ئىنسانغا ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇتۇشى لازىم، بولمىسا ئۇ ھەرگىز بىلىم ئەمەس، زېھنىمىزنى ئىسراپ قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ «مىللەتنىڭ ئۈمىدى ـ مائارىپتا» دېگەن سۆزنى «مىللەتنىڭ ئۈمىدى ـ بالىلار مائارىپىدا» دەپ ئېيتساق، تېخىمۇ توغرا ئېيتقان بولىمىز.

▲ بىلىم ئۆگىنىش مەقسەت ئەمەس، غايىمۇ ئەمەس، بەلكى مەقسەت ـ غايىگە يېتىشتىكى ۋاستىدۇر.

▲ گۇمانىتار ئىدىيە ـ پىكىرلەر (گۇمانىتار پەنلەر) تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشى، ئۇنىڭغا ساغلام يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم، بولمىسا كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان پەن ـ تېخنىكىلار ئىنسانىيەتكە ئامەت ئەمەس، ئاپەت ئەكېلىدۇ.

▲ بىز ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى بىلىم توشقۇزىدىغان (قاچىلايدىغان) قاچا دەپ قارىماي، ياندۇرۇشقا تېگىشلىك مەشئەل، دەپ قارىشىمىز لازىم.

▲ جەمئىيەتكە ماسلىشىش، رېئاللىققا يۈزلىنىش، رېئاللىققا نەزەر كۆرسىتىش ۋە ئۆزگەرتىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كىملىكىنى تونۇش ـ ئىنسان قىممىتىنى نامايان قىلىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

▲ بىر زىرەكنىڭ ياشقىنى، مىڭ كالۋانىڭ ياشىغىنىدىن ئەۋزەل.

▲ جەمئىيەتتە ئەزىزلەشكە توغرا كەلسە، ئەۋلادلارنى ئەزىزلەش لازىم، پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە، ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش لازىم.

▲ پەلسەپە، ئەخلاق ۋە گۇمانىتار ئىلىملەردىن ئايرىلغان مۇجەززكار تېخنىكا ۋە پەننىي بىلىملەر ـ ئىنسانىيەتنىڭ بۇگۈنكى بەختسىزلىكىنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر. شۇڭا نەزەرىمىزدىكى ماددىي، ئىقتىسادىي قىممەت ياراتمايدىغان گۇمانىتار پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇلارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

▲ تەبىئىي پەنلەر، تېخنىكا پەنلىرى پەلسەپە ۋە گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلار بىلەن كۈچلەنمىسە زور كىرىزىس ـ پاجىئە كېلىپ چىقىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئەقلىي ئىقتىدار ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، قانداق ئادەم بولۇش، ھېسسىياتنى قانداق كونترول قىلىش، دۇنيانى، ھاياتنى، ئۆزىنى، ئادەملەرنى قانداق چۈشىنىش ۋە سۆيۈشنى ئۆگىتىشكە سەل قارىغان، ئەقىدىسىز بىلىملەرنى ئۆگىتىشنى ئاساس قىلغان مائارىپنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ تارىخ ئۆگىنىشتە نوقۇل ھالدا يىلنامە، شەخسلەر، ۋەقەلەرنى ئۆگىنىشنىلا ئاساس قىلماي، تارىخىي بىلىملەر ئارقىلىق تەجرىبە يەكۈنلەش، خۇلاسە چىقىرىش، كەلگۈسىنى لايىھىلەش، كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق ياردەمگە ئېرىشىش، ئالدىن پەرەز قىلىش، ئۆزلۈك، كىملىكنى تونۇشنى نىشان قىلىشىمىز، ئۇلاردىن ئېھتىياجىمىزغا، رېئاللىقىمىزغا ۋە كەلگۈسىمىزگە ماس بولغان مۇناسىپ مەنە ۋە قىممەت ئىزدەشنى نىشان قىلىشىمىز لازىم.

▲ تارىخ ئۆگىنىش ـ جەمئىيەتنى چۈشىنىش، كۆزىتىش، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى.

▲ بىز ھازىرقى مائارىپ شارائىتىمىزدا «بىلىم ـ كۈچ» دېگەن سۆزنى كونكرېتلاشتۇرۇپ «ئىجادىيەت ـ كۈچ»، «ماھارەت ـ كۈچ»، «ئەقىل ـ كۈچ»، «ئادىمىلىك ـ كۈچ» دېگەن سۆزلەرنى بەكرەك تەكىتلىسەك، بىلىم ئۆزىنى، ئورنىنى ھەقىقىي تاپىدۇ.

▲ نومۇر قويۇپ باھالاش ۋە ئۇنىۋانغا ئېرىشتۈرۈش، مائارىپتىكى ياسىسىپ ئىجادىيەتتۇر.

▲ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغان تەربىيىچى، ھەقىقىي ئۈلگىلىك تەربىيىچى بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

▲ ئىنسانلارنى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە بىلىم، تېخنىكا بولغىنىدەك، ھازىر ئەڭ زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقىنىمۇ يەنىلا ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئايرىلغان ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكىدۇر.

ـ ئىسھاق مۇھەممەت

---

ئاپتور: ئانۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا قىلىراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## روھتىن تامغان كەۋسەر

▲ بىر نەرسىگە ئېرىشىش، بىر نەرسىدىن مەھرۇم بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ گاڭگىراش ـ مەغلۇبىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ مۇناسىپ بولمىغان سۈكۈت، روھىيەتتىكى قولچىلىقتۇر.

▲ بىرەر ئىشتىن كۆڭۈل ئاغرىتىشتىن بۇرۇن، كۆڭۈل ئاغرىتىشقا

ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقىغا قاراپ باق.

▲ چەكلىمىلەرنىڭ ماھىيىتى كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەمەس، روھىنى چەكلىيەلىسە ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ بەختىمۇ، بەختسىزلىكىمۇ ئاياللاردا.

▲ ھەممىلا ئادەم ساڭا دوست بولۇشقا يارىمىغىنىدەك، ھەممىلا ئادەم ساڭا دۈشمەن بولۇشقا يارىمايدۇ. ئۆزۈڭگە قاراپ دوست ياكى دۈشمەن تۇت، بۇلار ئىككىسى سېنىڭ نەرخىڭنى كۆتۈرۈپ ياكى پەسلەشتۈرىدۇ.

▲ مەدەنىيەت مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالغان مىللەت ھەر قانداق ماكان ۋە زاماندا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتمايدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەقىقىي مەسئۇلىيىتى نوقۇل دەرس ئۆگىتىش بولماستىن، جەمئىيەتتە ياشاشنى، قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشتۇر.

▲ مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى مىللەتنىڭ خاسلىقىدىن ئىبارەت.

▲ ئاياللار ھۆرمەتلىكنى، ئەرلەر ئىززەتلىكنى سۆيىدۇ.

ـ تۇرسۇنجان خەيرۇللا جەۋلانىي (يۇلغۇن)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چوققىلىرى

▲ بىزدە پۇرسەت بار، گەپ ئۇنى تونۇشتا.

▲ ئون ئاقىلنىڭ ئىشىنى بىر ناداننىڭ بۇزۇشى ئاسان، لېكىن ئون ئاقىلنىڭ بىر ناداننى تۈزىشى تەس.

▲ بىزدە «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىل بار. مېنىڭچە، شۇنىڭدەك «كىيىك ياتقان تاغقا ئىشەنمەپتۇ» دېگەن بىر ماقال ـ تەمسىلنىڭ بولۇشى زۆرۈرمىكى، دەيمەن.

▲ بىزدىكى ھەسەتخورلۇق ئىللىتى، باشقىلارنىڭكى بىزدىمۇ بولسىكەن، دېگەن ئاساستا ئەمەس، باشقىلارنىڭكىمۇ بولمىسىكەن، دېگەن ئاساستا شەكىللەنگەن.

▲ ئادەمدە روھ ئۆلسە، ئالىمگە ئوخشاپ قالىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېسىيدۇ.

ـ ئابدۇلقەييۇم مۇھەممەت ھەۋزى

---

ئاپتور: گۇما ناھىيىسىدە، دېھقان

* * *

▲ دۇنيادا مۇتلەق ھەقىقەت مەۋجۇد ئەمەس، ئەگەر مەۋجۇد دېيىلگەندە، ھېچقانداق نەرسە مۇكەممەل بولماسلىقتىن ئىبارەت بىرلا ھەقىقەت بار.

▲ ئىنسان كامالىتى ھاياتلىقتىكى ئىككى قېتىملىق رازىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئانا ئۇنى تۇغقانغا رازى بولغاندا، يەنە بىرى، ۋەتەن ئۇنى ياققانغا رازى بولغاندا.

ـ باتۇر داۋۇت قورىغار

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ يامان نىيەت بىلەن ئېيتىلغان راست گەپ، يالغان گەپتىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

▲ دۆت كىشىنىڭ دۆتلۈكى ئۆزى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىدۇ، ئەقىللىق كىشىنىڭ ئەقىللىقلىقى باشقىلار تەرىپىدىن.

▲ ئاقىل كىشى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىدىن مىننەتدار بولسا، نادان كىشى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇپ بەرگەن كىشىدىن مىننەتدار بولىدۇ.

▲ سەن ئاجىزلارغا جاپا قىلىدىكەنسەن، ئاقىۋەتتە كۈچلۈكلەرگە كۆچۈكلىنىشكە مەجبۇر بولىسەن.

▲ باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى مازاق قىلىش، ئۆز بېشىغا كۈلپەت چۈشۈشنى تىلىگەنلىكتۇر.

▲ دۈشمەننىڭ كۆپ بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، كۆزنىڭ ئۆتكۈر بولماسلىقى ئەڭ قورقۇنچلۇق. چۈنكى كۆز ئۆتكۈر بولمىسا، دۈشمەن بىلەن دوستنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ـ ئالىمجان نەسرىددىن (جۇدۇنى)

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بېكىتۇستەڭ يېزا غۇنچىسىرىق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ زامان تەرەققىياتىنىڭ ماڭا سالغان ئەڭ چوڭ تەشۋىشى: مېنىڭ بالام قانداقراق ئادەم بولار.

▲ قىزلار ئوغۇللارنى ئېيمەندۈرەلىسە، ئوغۇللار ئۆزىنى سوراشنى ئۆگىنىدۇ؛ ئوغۇللار قىزلارنى ئېيمەندۈرەلىسە، قىزلار ئۆزىنى قەدىرلەشنى شۇنداقلا ئوغۇللارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىدۇ.

▲ باشقىلار ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ بولالماي ئاۋارە، بىز نەپسىمىزنى بويسۇندۇرۇپ بولالماي.

▲ مۇنداق ئۈچ كىشىدىن ھەزەر ئەيلە: بىرى پۇلغا، بىرى ئەيش ـ ئىشرەتكە، يەنە بىرى گالغا ئامراقلا.

▲ گۈلۈم دەپ قوچاق ئېچىپ يۈگۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تىكەنلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

ـ لۇتپۇللا مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ چوڭقۇر ئويلانماي يېزىلىپ قالغان ئەسەر، مەستلىكتە تېپىلىپ قالغان بالىغا ئوخشايدۇ.

▲ قەسەمخورلۇق ـ شائىرلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ بالاغەتچىلەرنىڭ جان بېقىش دەسمايىسىدىن ئىبارەت.

▲ يەرسىز دېھقان قانسىز تەنگە ئوخشايدۇ.

▲ تىكىنى بولمىغان گۈلنىڭ پۇرىقى ھەم قىممىتى بولمايدۇ.

▲ ئۇستۇنلۇك تالىشىش ـ ھايۋاناتلار دۇنياسىدا قابىللارنى تاللايدۇ، ئاجىزلارنى شاللايدۇ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى پاجىئەگە باشلايدۇ.

▲ ئىلمىي زوراۋانلىق ـ قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

▲ ھەسرەتلىك ناخشىسى بولمىغان ئادەمنىڭ بەختلىك كۈلكىسى بولمايدۇ.

▲ غېرىبلىق ـ ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۆزى يالغۇز تۆلەيدىغان ھاياتلىق بەدىلى.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، ئاۋامنىڭ تۆكۈرۈك قاچىلىرى ۋىجدانسىز مەنسەپدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن، خائىن ـ مۇناپىقلارنىڭ

ئاچچىق ساۋىقىدىن، ئازغۇن ئەقىلدارلارنىڭ يامان نىيىتىدىن ياسالغان.

▲ هازازۇل ئاياللار ـ پايدا ـ مەنپەئەتتىن ئىبارەت ئالتۇن زەنجىرگە باغلانغان «ۋاپادار»ئىت. زەنجىر ئۈزارسا مۆلايىملىشىپ قاچىغىزنى يالايدۇ، زەنجىر قىسقارسا غالجىرلىشىپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى تالايدۇ...

▲ ئۆيىقۇ ـ دىۋىلەر ماكانىدىن ئىنسانلار ئارىسىغا تىقابلاپ ئەۋەتىلگەن قارانىيەت پەرىزات.

▲ شىپىرسىرىغان قەلبكە قىزلارنىڭ نازلىق كۈلكىسىمۇ تەسىر قىلمايدۇ.

▲ ئاجىزلارنىڭ جان بېقىش دەسمايىسى خۇشامەتتۇر.

▲ دانالىرى بولمىغان ئەلنىڭ هالى خاراب.

▲ ئەرلىك جاسارىتى سۇسلاشقان ئەلدە ئاياللىق نازاكىتى قىممەت تاپالمايدۇ، ئاياللىق بۇرچى سۇسلاشقان ئەلدە پەرزەنتلەرنىڭ بەختى قارا بولىدۇ.

▲ شىرنىسى بولمىغان مېۋىگە چۈشىنمۇ قونمايدۇ.

▲ خۇشامەتچىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ئىلىم ساھەسى ـ بىر توپ لالما ئىتلارنىڭ ئۇلجا تالىشىش مەيدانىدىن ئىبارەت.

ـ تۇرسۇنجان هەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭنى تونۇيسەن، پەن ـ تېخنىكا كىتابلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭنى تونۇتىسەن.

▲ بىرەر ئىشقا بىردەملىك هاياجان بىلەن يەكۈن چىقارما، پۇشايماندىن يىراق تۇرۇسەن.

▲ ئۆزۈڭنىڭ مەيدانىڭنى، كۆز قارىشىڭنى ئالدىراپ ئاشكارىلىۋەتسەڭ، باشقىلار ساڭا قىزىقماس بوپقالىدۇ.

ـ ئاسىيگۈل ئابدۇرەھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئازاب، ئۆز بالىسىدىن كۆرگەن خورلۇق.

ـ بۇۋىخەلىچەم مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاچچىق تامچىلار

▲ سېنى هۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر، بىر بولسا سېنى پەقەت چۈشەنمەيدىغانلار، بىر بولسا سېنى ئەڭ چۈشىنىدىغانلاردۇر.

▲ سىر بەرمەيدىغان ئادەم، رىقابەتلىك هاياتتا ئۆزاقراق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئىنسان ئۆزى يىغلاپ تۇغۇلۇپ، باشقىلارنى يىغلىتىپ كېتىدۇ.

ـ ئابدۇغېنى توقۇ

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

* * *

شوردىن چىققان تۇز ئاچچىق، ياماندىن ئۇققان سۆز.

ـ زۇلفىيە ئابدۇرەھمان قىزى

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تۇنجى خىياللىرىم

▲ هەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۆزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مائارىپ سېپىدىكى پارازىتلارنى تۈنجۇقتۇرۇۋېتىشى كېرەك.

▲ مۇھەببەتكە ھەقىقىي ئېرىشكەن كىشى، ئۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرەلەيدۇ.

▲ دېھقاننىڭ ھەقىقىي چىرايىنى ئېتىزدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

▲ ئېتىز ـ دېھقاننىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ئايرىيدىغان ئەڭ ئادىل سوتچى.

▲ دېھقاننىڭ ياخشىسى ئېتىزدىن مەلۇم، كادىرنىڭ ياخشىسى خەلق ئېغىزىدىن.

▲ زاماندىن بىر بولسا ئاقىل، بىر بولسا نادان زارلىنىدۇ.

ـ ئابدۇۋەھھاب جەلىل

---

▲ ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇندۇرمىلىرى

▲ كۆز ـ ئۇن چىقارماي سۆزلىيەلەيدىغان ئېغىز.

▲ ئۈچۈر دەۋرىدە دەۋرگە ياندىشىپ ماڭغانلار يەر شارىنى «كەنت»قىلىپ ياشىسا، دەۋرگە سۆرىلىپ ماڭغانلار كەنتنى «يەرشارى»قىلىپ ياشايدۇ.

▲ قىزلارنى ئاي دېسەك، هايا ئۇنىڭ نۇرى.

▲ ئېتىقاد ـ ئىنسان روھىنى ھەقىقىي ساقلاپ قالغۇچى بىردىنبىر گېن.

▲ سۆز بىرلىكى ئادەملەرنى ئۇيۇشتۇرسا، دىل بىرلىكى يۈرەكلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ.

ـ سەئىددىنجان غوپۇر

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، خەلق نادان ئەلدە هوقۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتسە، خەلق نادان ئەلدە بىلىم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ تىلەمچىلەر بىلەن پارىخورلارنىڭ پەرقى ـ تىلەمچىلىك ئوچۇق ـ ئاشكارا، تەشۋىشتىن خالىي، پارىخورلۇق يەك ئىچىدە، كۆڭلى ئەندىشىدە.

ـ پاتىگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت بېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئاياللار كىيىم ـ كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرىغا قانچىكى ئېهتىياجلىق بولغانسېرى، ئەرلەرمۇ «ئەرلىكنى كۈچەيتىش كاپسۇلى»غا شۇنچە ئېهتىياجلىق بوپقالماقتا.

▲ باللىرىغا مېهىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىش ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش، پەقەت يارامىلىق پەرزەنتنىڭلا ئالاھىدىلىكى.

▲ ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى ـ نەپسى بىلەن قىلىنغان ئىنقىلابتۇر. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ـ ئىنسانلارنى نەپسى بىلەن ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرىدىغان ژۇرنالدۇر.

ـ ئوبۇلقاسىم ئۆمەر

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا يارچاقتى كەنتىدە، دېھقان

▲ مۇھەببەتنى ھايا بىلەن ئىپادىلەش ھەقىقي ئادەمنىڭ ئىشى، خالىغانچە ئىپادىلەش ھايۋاننىڭ.

▲ كىمدۇر بىرى دەپتۇ: نامراتلىقتىن مۇزىكا چىقىدۇ، ئابدۇقادىر جالالىدىن دەپتۇ: نامراتلىقتىن يۈتەل چىقىدۇ، مەن دەيمەن: نامراتلىقتىن كۆز يېشى بىلەن تاماكا ئىسى چىقىدۇ.

ـ پاشاگۈل تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكۇلتېتى ماتېماتىكا كەسپى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنى ۋاقىت بىلەن ئۆلچەش توغرىمۇ بىمەنىلىك. بەزىلەرنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنى ھاماقەتلەرنىڭ 100 يىللىق ئۆمرىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ.

▲ ئۆلۈكتىن مەدەت تىلىگۈچىلەر، ئۆلۈكتىنمۇ تۆۋەن تۇرغۇچىلاردۇر.

ـ ئوبۇل ھېمىت

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى يىجاقسۇندى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھەرىلىرى

▲ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە ئىنساننى ھەر كويغا سالىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە پەقەت ئۇنتۇلمايدىغىنى ئىككى تۈرلۈك: بىرى، مۇھەببەت، يەنە بىرى، پۇلدۇر.

▲ تىنىش بەلگىلىرى ئىچىدە مەن سوئال بەلگىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ قولۇم يەتمىگەن تەپەككۇر مېۋىلىرىنى ئېگىپ ئالدىمغا ئەكىلىپ بېرىدىغان ئىلمەككە ئوخشايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ۋاقتى (ئۆمرى)نى ھازىر ئىككى نەرسە تۈيدۈرماي ئەكەتمەكتە: ئۇنىڭ بىرى، تېلېۋىزور، يەنە بىرى، ئورۇنسىز مېھماندارچىلىق.

▲ پۇقراغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىغان مەنسەپدار (ھاكىم)، يامانغا يانتاياق بولۇپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان ناكەسلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان نوچى، دەۋرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالىغان زىيالىيدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تائىپىدىكى كىشىلەر دەل خەلق ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ھېيىقىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئايالغا «تومۇرى»نى تۇتقۇزۇپ قويغان ئەرنىڭ ئاقىۋىتى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالغان چىۋىننىڭ تەقدىرىگە ئوخشايدۇ.

ـ ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھەقىقىي ئۇستازلىقىڭغا قايىتاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى سەبىيلەرنىڭ قەلب كۆزلىرىدىن ئىزدە.

ـ نامانشاھ ئەمەت (تۇغلۇق ئاتا)

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ ئوغلىنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى ئەيىبلىمە، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئاتىسى بار؛ قىزىنىڭ ناشايانلىقلىقىغا قارىما، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئانىسى ئاچقان «يول»بار.

▲ موھتاجلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى سەن بىر گە، يۈكسەكلىك چوققىسىغا چىققانلاردىن، يەنە بىر گە، ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ ئالقىنىدا تىپىرلاۋاتقانلاردىن كۆرۈۋالايسەن.

▲ ھاياتلىقتا بىر گە يوقسۇزلۇق، يەنە بىر گە باياشاتچىلىق ئىنسانىنى كاردىن چىقىرىدۇ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالىغانلار ھاياتىنى نورمال داۋاملاشتۇرىدۇ.

ـ خانزۆھرە مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىراۋنى ياخشى كۆردۈم، دەپ ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا ئۇرۇپ كەتمە. سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ ياشىيالمايدىغانغا بىراۋ سەن ئۈچۈن قۇياش ياكى سۇ ئەمەس.

▲ ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولسا ئىدى، ھەممە ئادەم كۆلۈمسىرەپ يۈرگەن بولاتتى.

▲ ئاتا ـ ئاناڭ سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتى، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، چۈنكى بۇ ئۆتنە ئالەم.

▲ نېمە قىلىشىڭنى بىلەلمەي ئېگىرقاپ قالغان چاغلىرىڭدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى»دىن يېگىن، شىپا قىلىدۇ.

ـ مەڭگىز سۇلايمان

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قارادۆۋە ـ لاپچۇق يېزىسىدا، دېھقان

## ھايات تەلقىنلىرى

▲ ئىنسان باشقىلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ھۆرمەتكە، ئۆزىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق يۈكسەكلىككە ئېرىشىدۇ.

▲ قايغۇ زارلانغۇچىلارغا، بەخت تەۋەككۈلچىلەرگە مەنسۇپ!

▲ جاھىللىقنىڭ سەۋەبى، بىرى، نادانلىق؛ يەنە بىرى، مۇستەھكەم ئېتىقاد.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ئىللەت ـ ئادەملەرنىڭ ئادەملەرنى كەمسىتىشى.

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەم ـ ئېتىقادسىز ئادەم

▲ مۇھەببىتى خورلانغان ئايال ئەڭ قىساسكار كېلىدۇ.

▲ پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، لېكىن چىرىكلەشكەن مۇھىتتا كىشىلەر پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا قادىر.

▲ كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ، دېگۈچىلەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغانلاردۇر.

ـ ئايىمنىسا سۇلايمان

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

**ئەقىل ئۇنچىلىرى**

▲ جاسارەت ـ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىشتۇر.

▲ بىرەر خەلق ياكى بىرەر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تارىخى ئۆستىخان، ئەدەبىياتى گۆشتۇر. ئۆز تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىنى يوقاتقان خەلق ھالاك بولغان، مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان خەلقتۇر.

▲ بىلەلمىگىنىڭ مۆجىزە، ئېرىشەلمىگىنىڭ خام خىيالدۇر.

ـ ئابدۇكېرىم ئەھمىدىي

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ماناربېشى ئىدارىسىنىڭ بىنىسىپونېرى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ماڭا مەدەنىيەت ئۆگەتسە، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسى ئەقىل ـ ئىدرىكىمنى يېتىلدۈردى.

▲ ھەركىم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ، خەلق ئۇنىڭغا بەكۈن چىقىرىدۇ.

ـ ھاشىمجان ئىسلام

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ باشقىلارنىڭ بىلمى بىزنىمۇ بىلىملىك قىلالىشى مۇمكىن، بىراق ئەقلى بىزنى ئەقىللىق قىلالىشى ناتايىن.

▲ دوستۇڭنىڭ كۆزى ساڭا ئەڭ ياخشى ئەينەك.

ـ نەبىرە ئىمام

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**ئالىي مەكتەپ قويىندىكى توقۇناق خىياللار**

▲ تىل ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا جىنازىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلەلەيدۇ.

▲ تارىخ تۈنۈگۈننىڭ ئەينىكى، بۈگۈننىڭ ياراتقۇچىسى، ئەتىنى چىللىغۇچى.

▲ ئازابلانغان، قايغۇرغان ۋاقتىڭدا ساڭا تەسەللى بەرگۈدەك بىرەرىنىڭ يوقلۇقى، روھىڭنى تاۋلايدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت.

▲ ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەر ئادەملەر لايىھىلەپ چىققان پارنىك.

▲ تاتلىق ئاچچىقنى تۇغار، ئاچچىق تىرىكىنلەنمىسە «نەس باسقان دۇنيا»نى تۇغار.

▲ سائەت بىزنى ئۇ دۇنياغا چىللاپ تۇرغۇچى ئۆلۈمنىڭ ئەڭ سادىق ئەلچىسى.

▲ تۇرمۇش، تۇرا! دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئارقىدىنلا تۇرغان ـ تۇرمىغان ھەممىسىگە ئوخشاشلا مۇشت ئاتتى.

ـ مەمتىلى نەۋچوغ

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى**

▲ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، ئۆز خاتالىقىدىن بەكرەك ئۆزگىلەرنىڭ خاتالىقىغا قىزىققانلىقىدا.

▲ ئەرلەر نەتىجىگە بەكرەك قىزىقىدۇ، ئاياللار جەريانىغا.

▲ رېستوران مەدەنىيىتى ئوغۇللارنى لىكتاسىملىقتا، قىزلارنى ياۋايلىقتا باشلاۋاتىدۇ.

▲ يامانىدىن ياخشىغا ئۆزگەرگەن ئىنسان، ئەزەلدىن ياخشى ئىنسانغا قارىغاندا بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر.

▲ ئىنسان مۇكەممەللەشسە ئۆلۈمگە، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ سىرلار ئېچىلۇۋەرسە، يوقلۇققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

▲ بالىلار زۇلۇم ۋە زورلۇقتىن، ئەرلەر باي ـ باياشاتچىلىقتىن، ئاياللار ئاچ ـ زارلىقتىن بۇزۇلىدۇ.

▲ كۆزلىرىمدىن ئاققان ھەر بىر تامچە بىر ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. چۈنكى ھەقىقەت ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان مەرۋايىت.

ـ گۈلجەمىلە ئابىد

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ شۆھرەتپەرەس ئايال ـ قان شورىغۇچى قۇرت.

▲ ئەرنىڭ كۆڭلى ئۆيدىن سۇ ئىچكەندە ئۆي تۈزۈلىدۇ.

▲ ئىچىملىكخانا قاپلاپ كەتتى، ئىنسان بىلەن ھايۋان ماھىيەت جەھەتتە پەرقلەنمەي قالدى.

▲ نومۇس ئاياللار چېھرىدە پارلاپ تۇرغۇچى ئەڭگۈشتەر.

▲ ئانا بولغۇچى قاتتىق قول، ئۆزى يولۋاستەك بولسا، پەرزەنتى شۇنچە قابىلىيەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

ـ مۇھەممەت ئابلەت

ئاپتور: گۇما ناھىيە دېھقانچىلىق مەيدانى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇر مەنزىللىرى**

▲ دىل يۈرەكنىڭ تىلىدۇر، لېكىن كۆپ ھالدا بۇ تىلنى كۆڭۈلنىڭ قۇشلىرى چوقۇپ گاچا قىلىپ قويىدۇ.

▲ رىيا بىلەن قىلىنغان ئەمەل، خۇددى باھىشئاياللارنىڭ يۈزىدىكى ئۇپا ـ ئەڭلىكتۇر.

▲ ئېتىقادى سۇس كىشىلەر خۇددى كوچىدىكى لالما ئىتقا ئوخشايدۇ. لالما ئىتنىڭ ھالى شۇكى، ئۇنىڭ كۆزى قايسى يۇندا ئاغزىدا بىرەر تال سۆڭەك باركىن دەپ تەلمۈرسە، قۇلىقى كىم «كاھ»دەپ تۇۋلاپ لوقما تاشلاپ بېرەركىن دەپ دىڭ تۇرىدۇ، يۈرىكى بولسا، كىم بېشىمغا كالتەك بىلەن بىرنى سالاركىن، دەپ تەشۋىشتە تۇرىدۇ.

▲ ھەر قانداق بىر نەرسە بارلىقتىن قەدىرسىز بوپقالىدۇ، ئەگەر يوق بولسا بىر چىمدىم توپىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ مۇھەببەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن قىزىل گۈلمۇ خۇددى چاتقالدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، گۈل شاختا ئېچىلسا، مۇھەببەت يۈرەكتە ئېچىلىدۇ.

▲ ئالتۇننىڭ جىلۋىسى ئۇنىڭ ساپلىقىدا، ھەرگىز زەرگەرنىڭ زىننەت بەرگەنلىكىدە ئەمەس.

▲ ھەر قانداق بىر ئادەم ھەر مىنۇت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: كۆڭۈل خۇشامەتچىدۇر، كۆز ئوغرىدۇر، شەھۋەت قاراقچىدۇر.

ـ يارمۇھەممەت قادىر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى جىنجىل يېزا گۆلۈمتى كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲باشقىلارنى «نادان» دېيىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ دانالىقىڭنى سىناپ كۆر.

▲دۇنيادىكى ئەڭ قوپال ۋە ئەڭ سىلىق قول يەتىلا دېھقاننىڭ قولى.

ـ ساجىدە جەلىل

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ! ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئەيىبىنى ئېچىش ـ غەيۋەت ـ شىكايەت، ئىسمىنى ئاتىماي ئەيىبىنى سۆزلەش ـ ئىبرەت بولىدۇ. ئىبرەت قىلىش دانىشلارنىڭ بۇرچى.

ـ ئابدۇۋاھىد توختى (ۋاھىدىي)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق نەرسە دېۋانىنىڭ خۇرجىنىدا بار.

▲قولۇڭدىن كەلگەن ئىشنى ئەمەس، ياراشقان ئىشنى قىل.

▲ئىنسانلارنىڭ كۆلكىلىك بىر ئادىتى بار، يەنى يولدىن ئېزىپ قالغانسېرى بەك يۈگۈرىدۇ.

ـ يۇنۇسجان نامەت

---

ئاپتور: يېكسار ناھىيە سەئىدلەر يېزا شاڧۇلدۇما كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى

* * *

ناخشىچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سەھنىلەر يېتىشمەيۋاتىدۇ، ئەمما ئۇتتۇسا سىپى چىققۇدەك ناخشىچىلارنىڭ ئازلىقىدىن روھىيىتىمىز قاغىجىراپ قېلىۋاتىدۇ.

ـ ئامىرخان نىزامىددىن (ئارمانە)

---

ئاپتور: سانجى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئويلانمايلا قىلغان گەپ چايسىماي يۇتقان ئاشقا ئوخشاش «گال»غا تۇرۇپ قالىدۇ.

ـرابىيە ئەركىن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲قىزلىرىمىزنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشى ئېپتىدائىي جەمئىيەتنى ئەسلەتسە، ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئاماكا ـ هاراققا ئۆزىنى ئېتىشى، يىلتىزىدىن سىپسېپ كەتكەن دەرەخنى ئەسلىتىدۇ.

ـ شەمسىقەمەر ئابلىمىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## سىلكىنىشتىن چاچرىغان نۇرلار

▲سېنىڭ ئىشلىرىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرىيدىغان ئادەم بىر بولسا ئەڭ يېقىن دوستۇڭ، يەنە بىر بولسا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭدۇر.

▲ئىنكاسىڭ قانچە ئاستا بولسا، پۇشايمىنىڭ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ئۆزى ئازغان ئادەم باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ.

▲بىز تاللاش ۋە شاللاش ئىچىدىلا توغرا يولنى تېپىپ ماڭالايمىز.

▲تايىنىدىغان «تىيەك» بولمىغاندىلا، ئۆزۈڭ مېڭىشقا مەجبۇر بولىسەن.

▲كۆڭلى سۇبۇقلۇق ئاخىرقى ھېسابتا يولۇڭنى تويۇق، يانچۇقۇڭنى قۇرۇق قىلىدۇ.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ سافېي ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومى 5 ـ جوڭ ئەترەت 1 ـ ئەترەتنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا ھېسلار

▲يېقىندىن بېرى رەزىل، ھىيلىگەر، پەسكەش كىشىلەرنى كۆرسەملا ھەر خىل ماركىدىكى رەڭدار سېغىز كەمپۈتلەر ئېسىمگە كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەر قانچە پەردازلىغىنى بىلەنمۇ سېغىز كەمپۈتنىڭ تەمى ۋە رەڭگى تۈگەپ، تەمسىز نەرسىگە ئايلانغاندەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارلايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلارمۇ بىر كۈنى تەمى قالمىغان سېغىز كەمپۈتتەك كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ.

▲ «پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق» دېگەن ماقال خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ تۈزەتمەيدىغان ئۇمىدسىز كىشىلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزى ۋە «قىبلىگاھى»دۇر.

▲تەقدىر ـ ئىرادىسىز كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوقۇنىدىغان «ئەقلىيە سۆزى»دۇر.

▲ئالدىراپ «مۇھەببەت خۇشاللىق» دېمە، مۇھەببەت خۇشاللىق بولغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئازاب بولمىغان بولاتتى؛ ئالدىراپ «مۇھەببەت ئازاب» دېمە، ئەگەر مۇھەببەت راستىنلا ئازابلىق بولغان بولسا، بىرمۇ ئىنسان بەختلىك بولالمىغان، بۇ دۇنيامۇ ۋەيران بولغان بولاتتى.

▲ ئېسىڭدە بولسۇن، ھاياتىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى سوۋغا قىلغان، سېنى چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن ئادەم كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازابلارنىمۇ «خوشلىشىش سوۋغىسى» سۈپىتىدە تەقدىم قىلىشى مۇمكىن.

ـ ئەختەر

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## گۈلزارلىقتىن تارالغان ھىدلار

▲ سەن دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى ئەمەس، بەلكى تەدبىرىڭگە پۈتۈلگىنى.

▲ھەر ئىشتا ئالدىراپ خۇشال بوپكېتىش ـ تۈنجى قەدەمدىكى مەغلۇبىيەتتۇر.

▲ «مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتتىن بىرلا قەدەم كېيىن تۇرىدۇ»، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغانىكەنسىز، ئۇنداقتا ئاۋۋال پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ.

▲بالا ئەركە چوڭ بولسا، «بالاغا مۇنقەرز» بولۇپ ياشايدۇ.

▲سەن قانچە ئەخمەق، نادان بولساڭ، دوستلۇرۇڭ بەكمۇ كۆپ بولىدۇ؛ ئەكسىچە سەن قانچە بىلىملىك، دانا بولساڭ دوستلۇرۇڭ

تولمۇ ئاز ئەمما ساز بولىدۇ.

▲ پۇشايمان ـ ۋاقتى ئۆتكەن سادا!

▲ سەزگۈر كاللا، ئويغاق كۆز ـ غەپلەتكە بېرىلگەن خاتىمە.

▲ ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ساڭا مىراس قالغىنى كىتاب، بىلىم، ھۈنەر بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھەم ئامەت، ئەكسىچە، پۇل ـ بايلىق بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ زور يوقىتىش ھەم ئاپەت.

▲ خىيانەت ـ جىنايەتنىڭ يۇمران نوتىسى.

▲ ئەينەككە قاراپ ئۆزىمىزنى تۈزەشتۈرۈۋەرمەيلى. ئەينەك سىرتقى قىياپىتىمىزدىكى كەمچىلىكنى كۆرسىتىپ بەرگىنى بىلەن، روھىيىتىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

▲ ساختا مۇھەببەت ئۆزىنىڭ غەپلەپ پەردىسىنى ياشلارنىڭ كۆز ئالمىسغا تارتىپ قويۇپ، كۆز گۆھرىگە ۋىسال شولىسى چۈشۈرۈپ، كۆلپەت يىپلىرى بىلەن نازۇك قەلبلەرنى باغلاپ ئىمجان قىلىدۇ.

▲ تاغدا تاش تولا بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئىككى تاشنى تاپقىلى بولمايدۇ.

▲ ھۆرۈننىڭ ئىرادىسى ـ زەي ئۈستىگە بىسىلغان ئۆلىغا ئوخشاش ۋاقىتلىق بەرداشلىق بېرىشتۇر.

▲ روھى خۇنۇكلەشكەن ئادەم ـ مېيى تۈگىگەن چىراغ.

▲ كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزى ئالىبۇرۇن ھەسەتخورلۇق قاپقىقى بىلەن تاقىلىپ قالغان بولىدۇ.

ـ سەلەيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى چوڭ ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ مەدەنىيەت بوستانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەن دەرس بېرىۋاتقان سەبىيلەرنىڭمۇ يېقىن ھەمراھى، تىلسىز مۇئەللىمى.

ـ شەۋكەت ئىبراھىم

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

▲ تۇنجى مۇھەببەت بىر بولسا ساڭا بەخت، بىر بولسا ئۆمۈرلۈك ئازاپ ئاتا قىلىدۇ.

ـ جۈرئەت نىزام

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىرىنچى دىۋىزىيە 5 ـ ئىشكىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ «ئۆزۈڭدىن يۇقىرىلارغا قاراپ پىكىر قىل، ئۆزۈڭدىن تۆۋەنلەرگە قاراپ شۈكۈر قىل» دېيدۇ ئاقىللار. بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا ئالدىنقىسى.

ـ گۈلباھار ئەخەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تارىخ مۇئەللىمەسى

▲ ئېرىنىش قانچىكى قىيىن بولغان نەرسە شۇنچە ئەتىۋار تۇيغۇ بېرىدۇ.

ـ ئېلى جاپپار

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا ئاراتۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ ئىشەنچىسى يوقاتقان ياشلىق، سولىشىپ قالغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ ۋاقىت ـ توساپمۇ توسقىلى بولمايدىغان رەھىمسىز زوراۋان.

▲ ئەركىن پىكىر ـ ھەقىقەتنىڭ يالغاچ پەرزەنتى

ـ ئەمرۇللا خەلىل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بەزىدە باشقىلار سىزدىن ئىقتىدارلىقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردىكى سىر، ئۇلار سىزدىن بۇرۇن ئىش باشلىغان ياكى بىر قەدەم يولنى ئارتۇق باسقان.

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىش ـ ئەڭ چوڭ كەڭ قورساقلىق. لېكىن بىر قېتىم كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە قايتا خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈۋېتىش، ئۇلارنى بېشىغا دەسسەپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلغانلىق.

ـ ئوسمانجان ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جەنۇبى تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمى 2005 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتى سۆزدىن بىلىنەر،
ئەسەبىيلىكنىڭ ئالامىتى كۆزدىن.

ـ تۇنىياز ھېيت

---

ئاپتور: باي ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

▲ كەيپخور كىشى شاراب ئىچكەندە مەست بولسا، دۆت كىشى باشقىلار ماختىغاندا مەست بولىدۇ.

ـ مۇختارجان سەئىد ئۆمەر

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ سەنئەتنىڭ ئەبجەشلىشىشى ـ ئىرادىسى ئاجىز، ئەخلاقى بۇزۇلغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

▲ ئەقلنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ رەقىبىدىن زارلىنىش، ماھىيەتتە رەقىبىگە تىزلىنىشتۇر.

ـ تۇرسۇنجان قۇربان ھونئالىپ

---

ئاپتور: چەرچەن تاھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئايغا ئوخشايدىغانلارغا يولۇققاندا شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى،

ئايىنىڭ يەنە بىر تەرىپى قاراڭغۇ.

▲ ئادەم قانچىكى كۆڭۈلچەك بولسا، زىممىسىدىكى يۈك شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ.

▲ خۇشامەت ــ روھىيەت تىلەمچىلىكى.

▲ قايغۇ يېگىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرسە تېخىمۇ كۆچىيىدۇ.

▲ ناز ــ كەرەشمە بىلەن قىلىنغان سۆز خۇددى چۇمبەل ئۈستىدىن سۆيگەنگە ئوخشايدۇ.

ــ نامەتجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە قۇمۇشئېرىق يېزا قۇمۇشئېرىق كەنتىدە، دېھقان

## يۈرەكتىكى زەردابلار

▲ ھەمىشە «ئۇ ئالىم مۇنداق قىپتۇ، بۇ دانا مۇنداق قىپتىكەن» دېگەن باھانە ــ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈۋىزنىڭ ھەرىكىتىنى دەلىللىمە. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئادەمئاتىمىز بىلەن ھەۋۋائانىمىزنىڭ جەننەتتىن ئېزىپ، ھېيدىلىشىگە سەۋەبچى بولغىنى دەل شەيتان لەئىن بولۇپ، شەيتان ئىلگىرى پەرىشتىلەرگە دەرس بېرىدىغان ئۆلىما ئىكەندۇق.

▲ مىللىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز ھەققىدە، ئېتىقاد، ئەخلاق، شەرم ــ ھايا ... لىرىمىز ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمىز، يېزىۋاتىمىز، كىتابلارنى، رىسالىلەرنى تۈزۈۋاتىمىز، ناخشىلارنى ئېيتىۋاتىمىز، كىنو ــ فىلىملەرنى ئىشلەۋاتىمىز... بىراق، قىلغانلىرىمىز تەسىرسىز قېلىۋاتىدۇ. تىرەن پىكىر قىلىپ، ئادىل ــ لىللا گەپ قىلغاندا، دېگىنىمىزگە ئەمەل قىلمايۋاتىمىز. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزدىكى ياخشىلاشقا، ئۆزگەرتىشكە بولغان ئۈمىد ــ ئىستەكلەر يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېتىقادقا، يۈرىكىمىزگە، قېنىمىزغا ئايلىنالمىغان، ھەممىمىز ئۇچۇر قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇچۇر تارقىتىدىغان ساندۇققا ئايلىنىپ قالغان.

▲ ئەخلاق كرىزىسىنىڭ ئېتىقادلىق سانالغان ئۇيغۇر قەۋمىمىز ئىچىگە يامرىشى، بىزنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزدىن قېپقالغان ئېتىقاد ــ ئىمانىنى، ئەقىدىنى ئەقلى ئەمەس، تەقلىدى يوسۇندا، پۇل، مال ــ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغاندەك قوبۇل قىلغانلىقىمىزدىندۇر.

▲ «يوللار كېتىپ، ياخشىلىنىپ راۋانلاشتى» دېيىشىدۇ. ئەجىبا، سەن ئىنساپ، دىيانەت، ھىدايەت يولىنىڭ كۈنسېرى تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟!

▲ يۈتكۈل يازغۇچى ــ شائىر ۋە جان ــ دىل بىلەن مىللىتىمىزنى سۆيگۈچىلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى دەپ بەرگۈم كېلىدۇ: «بىر ئايال ئاغرىق بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بالىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ خورما يەپ ئىسسىق تۇتۇپ ئاغرىغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئايالغا بالىسىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەكېلىشنى تاپىلاپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ (پېمەكلىكنىڭ يوقلۇقىدىن) خورما بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتقانىكەن. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلايھىسسالام خورما يېيىشنى توختىتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى ئايال بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالغا: بالىڭىز خورما يېمىسۇن، دەپتۇ. ئايال دەررۇلا: بۇنى ئۈچ كۈن ئىلگىرى دېسىلىمۇ بولاتتىغۇ، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۆزۈممۇ خورما يەۋاتاتتىم، دەپتۇ».

ــ نۇرمۇھەممەت قۇربان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە بازىرى تانايىيشى كەنتىدە، دېھقان

## تۆيغۇ چېچەكلىرى

▲ «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن گەپ، قېلىپقا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ چىقارغان ئاق بايرىقىدۇر.

▲ ئۆمۈر بىلەن ئايال قىلىچ بىلەن قالقانغا ئوخشايدۇ، بۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ تۇرمۇشتا جەڭ قىلىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ پاكلىقى ــ كېچە بىلەن كۈندۈزگە ئوخشايدۇ.

▲ ئاياللار ئاياللاردەك ياشىغان بولسا گۈزەللىكنىڭ، ئەرلەر ئەرلەردەك ياشىغان بولسا ئەركەكلىكنىڭ مەنىسى بولغان بولاتتى.

▲ ھېسسىيات ئەقىلدىن ئۈستۈن كەلگەن ۋاقىت ــ ئاياللار ئەرلەردىن كۈچلۈك كەلگەن ۋاقىتتۇر.

▲ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ــ سەرەڭگە تېلىغا ئوخشايدۇ. گۈزەللىك ئاشكارىلاندى دېگەنلىك ــ سەرەڭگە تېلى يېقىلدى، دېگەنلىكتۇر.

▲ خوراز ھەر كۈنى چىللايدۇ، چىللايدىغىنى ــ باللارغا ياشلىق، ياشلارغا قېرىلىق، قېرىلارغا ئۆلۈم.

▲ ھەر كۈنى ئۇخلاپ قوپىقىنىمىز، ھەر كۈنى ئۆلۈپ ــ تىرىلگىنىمىزدۇر.

▲ مەن جەمئىيەتتە كىشىلەرگە يۈزتۇرا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، كۆزىگە سەت كۆرۈنگەننىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئارقىلىق نەسىھەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

▲ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز» دېگەن كىتابى، بىزنىڭ روھىيەت بوشلۇقىمىزنى تولدۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن قىيا ئېچىلغان ئىشىكتۇر.

▲ ئاچارچىلىق ۋاقتىدا تۇغۇلغان ھەم شۇ ۋاقىتتا چوڭ بولغان كىشىلەر توقچىلىق ۋاقتىدىمۇ تېخىمۇ ئاچ كۆز بوپكېتىدۇ.

▲ مۇھەببەتنىڭ ئۇۋالى ــ ساڭا كۆيسە يارىتالماي، ئۆزۈڭ كۆيگەننى ئالالماي، ئاخىرىدا ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قېلىشتۇر.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە يارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

*　　*　　*

▲ غەربلىكلەرنى قاچانغىچە دورايمىز؟! ئەجىبا، ئۇلار بىزنى پۈتۈنلەي تەقلىد قىلىپ بولغۇچىما؟!

▲ هاراق ئاۋۋال مەست قىلىدۇ، ئاندىن پەس قىلىدۇ، ئاخىرىدا نەس قىلىدۇ.

ــ تۇرسۇنجان ئوبۇل

---


ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتى 2003 ــ يىللىق 1 ــ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ۋۇجۇدىڭنى لەرزىگە سالغان نادىر ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىۋاتقىنىڭدا، ئەسەر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن مۇھەررىرنىڭ سۈكۈتلۈك تىۋىشىنى ئاڭلايسەن.

ــ ئابلىز ئىبراھىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى



# مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددەس جايى — تۇرپان

## —«تۇرپانشۇناسلىق بويىچە خەلقئارا 2 ـ نۆۋەتلىك ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى»دىن ئويلىغانلىرىم

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئالتۇن كۈزنىڭ سالقىن شامىلى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتىنى ياندۇرۇشقا باشلىغان، مەي ياغلاپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ شېرىن پۇراقلىرى دىماقنى غىدىقلاپ كۆڭۈلنى مەست قىلىۋاتقان، تۇرپان ئويمانلىقى ئۈچۈن «ئالتۇن پەسىل» ھېسابلانغان مەزگىلدە، دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە دىققەت مەركىزىدىكى تېمىلاردىن بىرى بولغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا 2 ـ نۆۋەتلىك ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى» يىپەك يولىدىكى تارىخى ئۇزاق، مول ۋە رەڭگارەڭ، ئۆزگىچە پەرلىك پۇراققا ئىگە مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرى بىلەن شۆھرەتلەنگەن شەھەر، قەدىمكى غەربىي يۇرتنىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاستانىلىرىدىن بىرى سانالغان تۇرپاندا ئېچىلدى.

ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دۇنياۋى بۇ يىغىلىشى 2005 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست كەچتىكى «جۇڭگو يىپەك يولى مەدەنىيىتى تۇرپان 14 ـ نۆۋەتلىك ئۈزۈم سەيلىسى»نىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدىن باشلىنىپ، 30 ـ ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشتى. يىغىندا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى» قۇرۇلدى. يىغىنغا جۇڭگو، ئامېرىكا، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەتتىن 150 كە يېقىن ئالىم ـ مۇتەخەسسىس قاتناشتى. مەن بۇ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا تەكلىپلىك مېھمان سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلىپ، ماقالە ئوقۇمىغان بولساممۇ، يىغىننىڭ تىرەن ـ مول مەزمۇنى، قويۇق ئىلىم كەيپىياتى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇپ، بۇ مېھرى ئاتەش ماكان تۇرپان ۋە تۇرپاندىكى مەزكۇر ئىلىم ئەنجۇمەنى ھەققىدىكى ئويلىرىمنى قەلەمگە ئالدىم.

1

تۇرپان ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. پۈتكۈل تۇرپان بوستانلىقىنىڭ مەمۇرىي دائىرىسى 69 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان يەر كۆلىمى 4050 كۋادرات كىلومېتىر، بۇ پۈتكۈل ئويمانلىق يەر كۆلىمىنىڭ 8.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 100مېتىر تۆۋەن بولغان يەر كۆلىمى 2085 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ نىسبەت تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدىكى بوغدا تېغى دېڭىز يۈزىدىن 3500 ـ 4000 مېتىرگىچە ئېگىز. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 6500 مېتىر كېلىدۇ. غەربىدە قارا قىزىل

تىل ـ يېزىق ئامان بولسا

رەڭگارەڭلىك ئامان بولىدۇ

تېغى، جەنۇبىي تەرىپىدە چۆلتاغ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە قۇمتاغ بار. چۆلتاغ بىلەن قۇمتاغ بەسرەك. «يالقۇنتاغ» (قىزىلتاغ) تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان بولۇپ، يەر پوستىنىڭ پۈرۈلۈشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇ يۇرا دەۋرى، بور دەۋرى ۋە ئۈچلەمچى دەۋرگە ئائىت قۇم ـ شېغىللىق جىنسلار قاتلىمى ۋە قىزغۇچ لاتقا جىنسلاردىن تەركىب تاپقان. قىزىلتاغ ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىر ئۈپچۆرىسىدە ئېگىز. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 851 مېتىر كېلىدۇ.

تۇرپان بوستانلىقى يەر شەكلىنىڭ تۈزلۈكى ئومۇمەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. شىمالىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر تىك بولۇپ، 1 / 30 چامىسىدا، جەنۇبىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى تۆۋەنرەك بولۇپ، 1 / 100 چامىسىدا.

تۇرپان تەگرىتاغلىرىنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°29′ – 89°54′، شىمالىي پاراللېل 42°15′ – 43°35′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 738 كۋادرات كىلومېتىر. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن. تۇرپان شەھەر رايونى دېڭىز يۈزىدىن ئاران 4.5 مېتىرلا ئېگىز. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئايدىڭكۆل بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. 1962 ـ يىلى دۆلەت ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ئايدىڭكۆلنىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن 161 مېتىر تۆۋەن ئىكەن. ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر. ئايدىڭكۆل جۇڭگو بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس ئويمانلىق، شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس ئويمانلىق. بۇ خىلدىكى مۇرەككەپ يەر شەكلى تۇرپان ئويمانلىقىنى تىپىك خاراكتېردىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە قىلغان.

تۇرپاننىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، يەنى 16.6 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 2844.9 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئىسسىقلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول. قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 2055.4 سائەت. قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، 244 كۈنگە يېتىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشى ئاستا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.9℃، ياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 30℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. يازلىقى قاتتىق قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. يىلدا 30℃ تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان كۈنلەر 146 كۈنگە يېتىدۇ. ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇستتىكى تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مۇشۇ ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق تېمپېراتۇرا 38℃ تىن تۆۋەن ئەمەس. ھەتتا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 49℃ قا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە كۆرۈلمىگەن ئىسسىق بولغان. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇتلەق تېمپېراتۇرىسى 76.6℃ قا، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم بارخانلىرىدا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 82.3℃ قا يېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر تۇرپاننى «تونۇر»، «ئاتەش ماكان»، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتىشىدۇ. قىش پەسلى قاتتىق قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. دېكابىر، يانۋار، فېۋرالدىكى تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 29.9℃ ـ قا چۈشىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۇرپان رايونىدا دۇنيادا كەم كۆرۈلىدىغان، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقە ۋە جەسەتلەرنى ئۆز پېتىچە دېگۈدەك قوينىدا ساقلاپ قالالىغان.

ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز ياشاپ ـ ئاۋۇغان تۇرپان ۋادىسىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىختا شاھىد بولىدىغان ھەرخىل تاش قوراللار، ساپال بۇيۇملار (سىدام ۋە كۈللۈك)، سۆڭەك، مىس، برونزا ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەرخىل جابدۇق ـ قوراللار ھەم بېزەك بۇيۇملار، پاختا، كاناپ، يىپەك توقۇلمىلار، ھەرخىل تىل ـ يېزىقلاردا يېزىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، دىنىي ۋە دۇنياۋى مەزمۇندىكى كىتاب ـ نومىلار (ياكى ئۇلارنىڭ پارچىلىرى)، ئوۋچىلىق، بۈركۈتۋازلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر، مەدەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، نەققاشلىق، بىناكارلىق... قا دائىر مول مەزمۇنلۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن باشقا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇشىنىڭ يېگانە مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان، دۇنياغا مەشھۇر 100 شەھەرنىڭ بىرى ـ ئىتالىيىدىكى پومپېي شەھىرى بىلەن بىر قاتاردا سانىلىدىغان يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى قاتارلىقلار بار. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق ياھۇر ـ يېشىن، بوران ـ چاپقۇن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي، سىياسىي بۇزغۇنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ ئەسلىي قىياپىتىنى خېلى دەرىجىدە ئەينەن ساقلاپ قالغان بولۇپ، خۇددى تەبىئەتتىكى مۆجىزاتتەك يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراستىنىڭ تۈرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان «تۇيۇق تاشكېمىرلىرى»، «بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى» ۋە «يارغول تاشكېمىرلىرى» قاتارلىق سەنئەت خەزىنىلىرى بار. ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە «ئېمىن ۋاڭ مۇنارىسى»مۇ تۇرپاننىڭ رەمزى (سىمۋولى) سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

بۇ ۋادىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ـ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىن ھازىرغىچە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ئىزلار، ئاسار ئەتىقىلەر، ئۆز پېتى دېگۈدەك قۇرۇپ قېتىپ قالغان قەدىمكى جەسەتلەر ۋە باشقىلار ئۇزاق قەدىمكى زاماندا بۇ ۋادىدا ياشاپ ئاۋۇغان ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇنداقلا ئۇلارغا قېرىنداش ۋە قوشنا بولۇپ تىرىكچىلىك قىلغان خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىم ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا رايونى بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە باردى ـ كەلدى قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەقەت تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

يەنە مۇشۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۇ ۋادىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى ئالاھىدە راۋاجغا، مەزكۇر ئېگىلىكتىكى مەھسۇلاتلارنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭق چىقىرىشىغا تەبىئىي ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سۇ مەنبەسى ئاساسلىقى بۇلاق ۋە تاغ سۇلىرى بولسىمۇ، ئەمما تاغ ـ بۇلاق سۇلىرى پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، ئەقىل ـ پاراسەتلىك تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرى يۇرتىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن «كارىز»دىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى مۆجىزىنى ياراتقان.

**[ماتېرىيال 1: تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىدىن قىسقىچە بايان]**

ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىلىرى تۇرپان

تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانماقتا. ھەم ئۇلار بۇ ھەقتە بىر قانچە تومۇلۇق كىتاب نەشر قىلدۇردى. يەنە جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى — بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيەلىرى»نى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، مەخسۇس «تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيەلىرى» دېگەن تېمىدا دەرس تەسىس قىلغان. ئۇلار «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمى ھەققىدىكى خۇشەججىسىنى تېخىمۇ جۇشقۇنلاشتۇرماقتا. بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان «دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى مەركىزى» تەسىس قىلىنىپ، تەتقىقاتقا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ «دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى مەركىزى» ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا تەسىس قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىكى «تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتى خىزمىتىدىمۇ قالتىس نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش — نەشر قىلدۇرۇش ئىشخانىسى، تۇرپان ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە «تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار مەخسۇس تەربىيىلىنىپ، پېشقەدەملەردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۈمىد بىلەن يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ھەم بۇ ساھەدىكى پېشۋالاردىن ئۆگىنىپ، زېھنىي — قۇۋۋىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۇلار «تۇرپانشۇناسلىق» ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازدى، مەخسۇس كىتابلارنى نەشر قىلدى، مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى.

1988 — يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بېقىندىن قوللاپ مەبلەغ ئاجرىتىشى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قوللىشى، كەسپىي جەھەتتىن يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 1990 — يىلى مايدا «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. يىغىنغا تاپشۇرۇلغان تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللىنىپ، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى نەشر قىلىندى. 1991 — يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ژۇرنال ئىشلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىتىلدى. («تۇرپانشۇناسلىق» ھەققىدىكى بۇ ماتېرىيال ئابلىم قەيۇمنىڭ «تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تۇرپانشۇناسلىق ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى. بۇ ماقالە «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئېچىۋېتىش» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 — يىل يانۋار نەشرى، 1 — 11 — بەتلەر.)

3

2001 — يىلى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلىپ، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دەل «جۇڭگو يىپەك يولى مەدەنىيىتى تۇرپان 14 — نۆۋەتلىك ئۈزۈم سەيلىسى» باشلانغاندا كۈندە، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا 2 — نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. بۇ يەردىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش، مۇشۇ قۇتلۇق — خۇشاللىق كۈنلەردە «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، قۇت ئۈستىگە قۇت، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولدى. مەزكۇر ئاكادېمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىل ئەكىلىپلا قالماي، بەلكى يىغىننىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا ئىشەنچ ئەكەلگەنىدى.

مەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشالمىغانىدىم. بىراق، ئانا تۇپرىقىمىزدا شۇنداق بىر يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىغىننىڭ ماقالىلەر توپلىمىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولغان، سۆيۈنگەنىدىم. مانا ھازىر 2 — قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇۋېتىمەن. بۇ يىغىن ھەققەتەن ئىلگىرى مەن قاتناشقان، كۆرگەن، ئاڭلىغان بىزدە ئېچىلغان تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئوخشىمىغان، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرغان، يېڭىلىق ياراتقان يىغىن ئىدى. ھېس قىلىشىمچە، بۇ يىغىن مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى.

**1. يىغىن ھەقىقىي بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئوخشىغان بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر يىغىننىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلەپ (بۇ نۇتۇق ئىلگىرىكىدەك نەچچە ئون بەتلەپ بولماستىن، پەقەت ئىككى بەتلا بولۇپ، بىر قانچە مىنۇتتىلا تۈگىدى)، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاكادېمىيىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلىرىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ، يىغىن ئەھلى خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، يىغىن رەسمىي باشلاندى. مۇشۇ بىر قاتار جەريانلارغا بىر سائەتچە ۋاقىت كەتتى.** مېنىڭچە، بۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ، بۇ رەھبەرلەر ئىلگىرىكىدەك ئۇزاقتىن ئۇزاق نۇتۇق سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالىدىغان، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى سىياسىي نەزەرىيە لېكسىيە يىغىنىغا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋالغا ئوخشىمىغان ھالدا، رايونىمىزدا ئېچىلغان ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن پەرقلەندى. بۇ ھال پۈتكۈل يىغىن ۋە يىغىن ئارىسىدىكى پائالىيەتلەردە ئىزچىل داۋام قىلىپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى زۆرۈر بولغان ئورۇنلاشتۇرۇش، تەييارلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن سىرت، باشقا ئىلمىي پائالىيەتلىرى يىغىن ئەھلى — جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىم — مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىختىيارىي يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى.

**2. ئىلمىي تەتقىقاتى ئۇسۇلى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بۇ يىغىندا ياخشى بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردى.** مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىي قىزىقىشىم بويىچە ئارخېئولوگىيە ئىلمىي مۇھاكىمە گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانىدىم. گۇرۇپپا يىغىندا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نوقۇل ھالدا ماقالە ئوقۇش بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراش، تەتقىقات نەتىجىلىرى، تەتقىقات جەريانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىش، ماددىي بۇيۇملار ئەۋرىشكىلىرىنى، سۈرەتلەر ۋە كومپيۇتېر كۆلەڭگۈ چۈشۈرۈش ئاپپاراتىدىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي، ئىلمىي، جانلىق بولغان ئىلمىي مۇھاكىمە، پىكىر

ھاسىل قىلغان بولاتتى. بىراق، ئالدىنقىسى مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئومۇمىيراق خۇلاسە چىقارغان بولسا، كېيىنكىسى جۇڭگونىڭ ئۇرۇش ئالىمانچىلىقى مۇھىتىنى ئاساس قىلغان نۇقتىدا تۇرۇپ ئايرىم خۇلاسە چىقارغان بولدى.

ئىككى خىل تەتقىقات ئۇسۇلى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ، كونا ۋە يېڭى كۆز قاراشلىرىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئىككى يول ۋە ئىككى خىل نەتىجە، مەسىلىلەرگە بولغان ئىككى خىل مەيدان ۋە ئىككى خىل مۇئامىلە، تاھايىتى پەرقلىق بولغان ئىككى خىل كۆزىتىش نۇقتىسى ئىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن تارىختىكى نۇرغۇن تارىخىي، مەدەنىيەت مەسىلىسىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى، بېرىلگەن تەبىر، باھالار ئوبيېكتىپ بولماي، بىر تەرەپلىمە، ئومۇمىي بولماي يەككە ھالدا خۇلاسىلىنىپ، بارغانسېرى سىرلىق، ئېنىقسىز بوپكەلدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ بۇرۇندىن ئۇدۇم قالغان بىر قاتار تارىخىي ماتېرىيال ۋە يازما ھۆججەتلەر، قىسمەن ماددىي بۇيۇم ـ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى (بۇ تېخى كېيىنكى چاغلاردا قوشۇلغان يېڭى مەزمۇن) ئارقىلىق تاھايىتى كەڭ مەزمۇن، دائىرىنى ئايلىنىپ كىچىككىنە بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان «دائىرە ئارقىلىق نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش» تەتقىقات ئۇسۇلىمىز خۇددى «سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخان يوغان بىر نان يوق» دېگەندەك، قارىماققا تاھايىتى ئۇلۇغ، چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ «نۇقتا»مۇ تولۇق گەۋدىلەنمەيدىغان، دېمەكچى بولغان گەپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئېنىق بولمايدىغان ناباپلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىلگىرى بىزنىڭ بىر ئالىمىمىز مۇنداق دېگەنىدى. «بىزدە ئارمانغا تولۇق دەرمان يوق. ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي بىلىمىمىزنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىلەن كارىمىز بولماي چوڭ تېمىلارنى تاللايمىز، بىراق دېگەن گەپ، نەتىجىمىز چەكلىك. قاچان ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن كىچىك تېمىلار، كىچىك مەسىلىلەر ئارقىلىق چوڭ مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگۈدەك بولارمىز؟...» (ئەپسۇس، خاتىرەمدە بۇ ئالىمنىڭ ئىسمى قالماپتۇ. مەن 1990 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئۇيۇشتۇرغان «چەت ئەللەر ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەن بىر مۇنازىرە تېمىسىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى تارىخ، مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە تونۇلغان ئالىم ـ مۇتەخەسسىستىن بىر نەچچىسىنى زىيارەت قىلىپ، كۆز قاراش ئالماشتۇرغان، ماتېرىيال يىغقانىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە قەدىمكى ۋەسىقە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر پېشقەدەم ئالىم بۇ سۆزنى ئېيتقانىدى).

مەزكۇر ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا بۇ مەسىلە يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ پېشقەدەم ۋە ياش ئالىم ـ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل ئۇسۇل ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆرۈلدى. بەزى تالاش ـ تارتىشلار بولدى. بىراق يەنە بىر خىل تەتقىقات ئۇسۇلى ـ «نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى بايان قىلىش» يولىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىچىك تېمىلىرى، ئىخچام ماتېرىياللىرى، ئەمما چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، كىچىك ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەمەلىي بۇيۇم، ماددىي يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق تاھايىتى ئۇزاق ئەسىرلىك، تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تاھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنىنى ئىپادىلىدى.

**[مىسال 2:]** يەنە شۇ ئىنالىيىلىك تەتقىقاتچى مالتېنو كومپارىتى ئۆزىنىڭ تەتقىقات جەريانى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجىسىنى تونۇشتۇردى. ئۇ ھېلىقى كىچىككىنە قونچاق يۈزىدىكى «نىقاب» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇنكول دۇنيادىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنى تولۇق يىغقان بولۇپ، ئۇ ئافرىقا، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو (ئۇ ئارىم، تۇرپان ئويمانلىقىنى يەنە بىر مۇھىم تۇقتا قىلغان)، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەۋرىشكىلەرنى تۈرگە ئايرىپ، سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلاپ، ئۆزىنىڭ قولىدىكىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بىزگە قويۇپ بەرسە، بۇنداق كىچىككىنە بىر نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭدەك ئەرەح تارتىپ دۇنيانى كېزىپ يۈرمىگەن، جايا جىكىپ ئەۋرىشكە يىغمىغان، بەقەت ئىشخانىدا، كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرگەن، يىغقان ھەم تېپىلغان ماتېرىياللار دۆۋىسى ئارقىلىق بۇنىڭ كىمنىڭ، نەدە ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان بولاتتۇق. ئەمەلىيەتتە، بۇ يىغىندا بۇنداق ئەھۋال خېلى كۆپ كۆرۈلدى. ئەمما، مېنىڭ يەنە مىسال كەلتۈرۈپ كۆڭلۈمنى بېرىم قىلغۇم يوق.

دېمەك، يۇقىرىدا بىز توختالغان ئىككى خىل كۆز قاراش ۋە ئىككى خىل تەتقىقات ئۇسۇلى كونا بىلەن يېڭى، ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاش گەۋدىلىك بولدى. بۇ مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ئوخشاش بولمىغان ماكان، زامان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قايتا نامايان بولۇشىدەك، ئوخشاش بولمىغان ماكان شارائىتىدا ئىگە بولغان ئىلىم، پەزىلەت، قابىلىيەتلەرنىڭ پەرقى ـ كۆرۈنۈشى ھەم ئۆزگىچە تەسىرلىشىشكە ئوخشاپ قالدى. خۇددى «ھەر كىم ئۆزى بىلگەننى قىلىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ دېيىنى چالىدۇ» دېگەندەك، بۇ يىغىندا ھەر كىم ئۆزى تەۋە ماكان، مۇھىت ۋە بىلىم، پەزىلىتى بىلەن مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلدى. ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكىنى ئىپادىلىدى. مەسىلىلەرگە مەدەنىيەت ياكى ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قارايدىغانلار بىلەن، تار ياكى بەدىئىيلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارايدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاشكارا بولدى. شۈكرىكىم، بۇ پەرق بۇ يىغىندا كۆرۈلدى ـ يۇ، شۇنچە تېز مەغلۇپ بولۇپ، ئاساسىي ئېقىم بولۇش ھالىتىدىن قالدى!

كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر تەرەپ، بۇ يىغىننىڭ ئارتۇقچىلىقى ھېسابلانغان نەرسىلەر ـ كۆز قاراش ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى مەسىلىسىدە بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى يېتۈك ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق بايان قىلىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىل 1 ـ سان، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 2 ـ ، 3 (قوشما سان) ناملىق ماقالىسىدە بىزگە ئۇچۇر بېرىپ ۋە بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدىن كۆرەر دانالىق سۈپىتىنى ئاشكارا قىلغانىكەن. بىز ئەينى چاغدا ئالىمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمىگەندەك، بىلسەكمۇ ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمىگەندەك، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭىچە قاراش، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلمىغانىكەنمىز، چۈشەنمەسلىككە سالغانىكەنمىز. مانا ئەمدى ئۇنى كېچىككىپ بولسىمۇ ھېس قىلدۇق. ئەسلى ئاشۇ چاغدا ھېس قىلغان، تولۇق قوبۇل قىلغان بولساق، بىزدە نۇرغۇن ئۇتۇق، يېڭى بايقاش، بۈيۈك تەتقىقات نەتىجىلىرى، شاھانە

ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى.

**3. بۇ قېتىمقى ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا يېڭىچە ئىلىم پوزىتسىيىسى ۋە ئىلىم قارىشى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ يىغىلىشقا ئىلمىي، قىزغىن بىر كەيپىيات ئەكەلدى.** ئىلگىرى بىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزدا خۇلاسىلەش ياكى ئىسپاتلاش ئاساس قىلىنىپ، تارىخ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى قايسىبىر مەسىلىگە ياكى تالاشتىكى مۇجمەل ئىشلارغا شۇ مەسىلىگە دائىر ئالاقىدار ئاساسىي ماتېرىيال ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ بايان قىلىش، كۆز قاراشنى ئىسپاتلاش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. تەتقىقاتچىلارمۇ تېزلىك بىلەن شۇ مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، خۇلاسە ـ يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىرايتتى. بىراق، بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىسى ياكى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيتتى ياكى تېزلا ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىناتتى، ياكى بولمىسا ئايىغى چىقمايدىغان تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولاتتى. بىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزدا «بىر نۇقتا ئارقىلىق تىك لىنىيە بويىچە يەككە ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت بىر ئاجىز ھالقا ساقلانغان بولۇپ، بۇنى ئۇزاقتىن بېرى ھېس قىلساقمۇ، ئۆزئارا تەكتىلەپ تۇرساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدۇق. بۇ قېتىمقى ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا مەن بۇ مەسىلىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا بىر قىسىم ئوتتۇرا ياش، ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇش ۋە جۇڭگودا ئەمەلىي خىزمەت ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، ئۇلار تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەتىجىلەر بىلەن كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان ئىمكانىيەتلىك تەتقىقات، نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇھال كىشىنى ئىنتايىن خۇشھال قىلدۇ ھەم مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۈمىد ـ ئىشەنچ تۇغدۇرىدۇ.

بىزنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» ۋە كلاسسىك يازمىلاردىن «ئوغۇزنامە»، «تارىخىي رەشىدىي»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «تارىخىي ھەمىدىي» قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ زور تارىخىي قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنتايىن نوپۇزلۇقتۇر. ئۇلاردىكى راۋان بايانلار، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قىسسۇرمىسلار كىشىنى قايىل قىلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ ئەسەرلەر ئىچىگە غەرق قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئەسىرىمىز، تەتقىقات نەتىجىمىزدە بولسا يەڭگىل ئەمەلىي بايان، تەپەككۇر، چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن تارىخىي ۋەقەلەر كەمچىل بولۇپ، كۆپ قىسمى ۋەقەلەر، ستاتىسلار تىزمىسى، دەبدەبىلىك سۆزلەر، بايانلار بىلەن تولۇپ، پەقەت مۇشۇ ساھەدىكىلەرلا چۈشىنەلەيدىغان، ئاۋام ـ جامائەتچىلىك ئورتاق بەھر ئالالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، چەت ئەللەردىن ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تارىخ، مەدەنىيەتكە ئائىت تەتقىقات ئەسەرلىرى، ئېكسپېدىتسىيە، ساياھەت خاتىرىلىرى بايانلىرىنىڭ ئاددىي، يەڭگىللىكى، تىلىنىڭ راۋان، ئەمەلىيەتچان ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگۈدەك ۋە بىزگە ئۈرنەك بولغۇدەك يېڭى ئۇچۇر بېرىلدى. يېڭى كەيپىيات يارىتىلىپ، يېڭى قەدەم بېسىلدى.

ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىنىڭ تۈنجى كۈنى، چوڭ يىغىندا ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى—ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل دوكلات بەردى. مەن ئۇنىڭمۇ بىزنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىزغا ئوخشاش ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان بىر پارچە ماقالە ـ ماتېرىياللار، ئۈزۈندىلەر دۆۋىسىنى ئوقۇپ ئۆتۈشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغانىدىم. بىراق ئۇ يىغىننىڭ ئومۇمىي كەيپىيات، ئالاھىدىلىككە ماس كېلىدىغان، ئۆزى فرانسىيىدە ئوقۇش جەريانىدا (بۇ ئىلىم ئەھلى بىزدە ھازىرغىچە چەت ئەلدە ئوقۇپ، قايتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئۇيغۇر ئارخېئولوگى) يېتىلدۈرگەن ئىلىم ماھارىتى بىلەن ئۆزى باشچىلىق قىلغان چوڭ كۆلەمدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش — 2004 ـ يىلى جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشنىڭ بىرى بولغان كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىنى تونۇشتۇردى (بىزچە «تونۇشتۇردى» دەپ قارىغان بۇ قىسقىچە بايان ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بىر ئىلىم دوكلاتى ئىدى).

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مۇنبەرگە چىققاندا، پۈتكۈل يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. مۇشۇنداق چوڭ تېمىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاجايىپ تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ يىغىندا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىلىم دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرىمۇ بار ئىدى. تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. مەن بولسام تۇنجى ئاڭلىغان ھەم ئاڭلاشنى بەك خالايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ 1995 ـ يىلى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي تۆپىلىكتىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا كونا تاش قورالنى تېپىپ (شىنجاڭدا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتۇش ئارغۇ، تاشقورغان جىرغال قاتارلىق جايلاردىن كونا تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بۇيۇملار تېپىلغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدە شەرتلىرى تېخى تولۇقلاپ تېپىلمىغانلىقتىن تولۇق ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەنىدى. بۇ قېتىم تۇرپاندىن تېپىلغانلىرى بولسا بۇيۇمنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇھىتى جەھەتتىن كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس بولغان ئالاھىدە شارائىتلارنى تولۇق ھازىرلىغانىدى)، شىنجاڭدا كونا تاش قورال يوق، دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدە مۆجىزە يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى (ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دوكلاتىدىكى ئاساسىي مەزمۇن كىچىك خەۋەر سۈپىتىدە ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاللىقاچان ئېلان قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە زور غۇلغۇلا قوزغىغان، پۈتكۈل ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ساھەسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى مۇشۇ قېزىشنىڭ نەتىجىسىدە قالغانىدى). شۇڭىمۇ پۈتكۈل يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى.

كومپيۇتېرلىق كۆلەڭگۈ چۈشۈرۈش ئاپپاراتى ئېچىلىش بىلەنلا چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىدىكى دۆڭ ئۈستىگە قادالغان ئېگىز ياغاچ تۈۋرۈكلەر ۋە تۈۋرۈكلەر ئالدىدا يۈزىنى ساقال باسقان، بېشىغا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ قىشلىق باش كىيىمى، ئۇچىسىغا كۆپ يانچۇقلۇق كىيىم كىيىۋالغان ئورۇق ـ تارىمۇش بىر كىشىنىڭ سۈرىتى پەيدا بول-

دى. بىر قارىسا ئۇ چۆلدىكى قىرى توغراققا ئوخشىسا، بىر قارىسا، ئاشۇ ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئىچىدىكى ئادەم سىياقىدا ياسالغان ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشايتتى. ئەمما رېئاللىق شۇكى، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئىدى!

**ئۇنىڭ ئېكراندىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ، پۈتكۈل يىغىن ئەھلى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ناھايىتى قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. يىغىن مەيدانى لەرزىگە كەلگەندەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ لەرزىگە كەلگەن، قەلبى ھاياجانغا تولغانىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى ...**

— ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزى ھەمكارلىشىپ 2002 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئون ئايدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى (ئىلگىرى ئۆستەڭ بويىدىكى قەبرىستانلىق دەپ ئېلىنغان)نى ئومۇمىيۈزلۈك قازدى. 167 قەبرىنى ئېچىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن 1000دىن ئارتۇقنى قېزىۋالدى. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجە يېقىندا جۇڭگودىكى 2004 ـ يىللىق ئون چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭ بىلەن جىلىننىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك قېزىش جەريانىدا ئۆزگىچە قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئۇسۇلىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەچكە، ساقلىنىپ قالغان قەبرىلەرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەدەنىيەت قىياپىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىق بولدى. مانا ئەمدى دۇنيا ئارخېئولوگىيە تارىخىدىكى سىرلىق كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى لوپنۇرنىڭ دەسلەپكى مەرگىللەردىكى مول مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر بەرگەچكە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان، بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان خىزمەت جەريانىدا كىروران رايونىغا دائىر تارىختىن ئاۋۋالقى بىر قەدەر مول ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال توپلاندى. بۇ ماتېرىياللار بۇ رايوندا مەدەنىيەت قىياپىتى ئۆزگىچە ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسەتتى. كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى بىلەن بىز بۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇق. ئۇ شىنجاڭ ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. دېمەك شارائىتى ياخشى بولغانلىقتىن، قەبرىستانلىقنىڭ نۇرغۇن تەرەپتىكى ئۇچۇرلىرى بىر قەدەر ئەتراپلىق ساقلانغان، بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دىن بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن مول يادىكارلىقلار، بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان جەسەتلەر، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيىسىدە كەم ئۇچرايدۇ، ئۇ نۇرغۇن جەھەتتە تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، شۇنداقلا تېخىمۇ كەڭ ساھەدە ئەتراپتىكى باشقا رايونلارنىڭ ئارخېئولوگىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يىراقتىن قارىسىڭىز، كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا چوقچىيىپ چىققان سوقچاق تۆپىلىككە ئوخشايدۇ. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە قىرلىق، يۇمىلاق ۋە پالاق شەكىللىك توغراق ياغاچلىرى ناھايىتى زىچ تىكلەنگەن. تۆپىلىككە يېقىنلاشسىڭىز، ئاستا ـ ئاستا بىر خىل سىرلىق جايغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. بۇ يەردىكى ھادىسىلەر ئاجايىپ سىرلىق بولۇپ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. مەسىلەن: بۇ قېتىم بىز قېزىپ چىققان نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقىدا سىرلىق «يەتتە» نى ـ يەتتە يول بىزەك، يەتتە تال يىپ، يەتتە قات كالا بېشى ...نى بايقىدۇق. ئۇ زادى نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟

كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئايرىلغان ئېقىنىنىڭ تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ، شامالنىڭ تەبىئىي دۆۋىلىشى ۋە قەبرە قازغاندا قۇم دۆۋىلىنىۋەرگەنلىكتىن، تۆپىلىك يارغانسىمان ئېگىزلەپ يەتتە مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن. پۈتكۈل قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 2500 كۋادرات مېتىر. بۇ قېتىم كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنى قېزىش ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكىلەر قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى قەبرىلەرنىڭ بەش قەۋەت ئىكەنلىكىنى، ئاستىنقى قەۋەتتىكى 5 ـ قەۋەت قەبرىلەرنىڭ ئىپتىدائىي قۇم بارخانغا كولانغانلىقىنى، تۆت قەۋەتتىكى قەبرىلەرنىڭ تەبىئىي شەكىللەنگەن ياكى سۈنئىي دۆۋىلەنگەن قۇم قاتلىمىغا كولانغانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنىڭ قەبرىلەر قاتلىمى توغرىسىدىكى گۇمان يېشىلدى. قەبرىلەر نېمە ئۈچۈن بىرقانچە قەۋەت قىلىپ ئۈستى ـ ئۈستىگە كولىنىدۇ؟ تىك توغراق ياغاچلار نېمە مەنە بېرىدۇ؟ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئېگىز بىر قەبرىستانلىق بولىدۇ؟ بۇ يەرگە زادى قانداق كىشىلەر دەپنە قىلىنغان؟

روياش مەلىكىگە ئوخشاش كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى ئارخېئولوگلارنىڭ سىرلىق چۈمبىلىنى ئېچىشىنى ساقلاۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى قېزىشتا بىز ئاز ئۇچرايدىغان تەزىر ـ چىراغ ئالاھىدىلىككە ئىگە لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىنى بايقىدۇق. يەنە قەبرىستانلىقتا ئالىي ئۆلچەمدىكى ياغاچ ئۆي شەكلىدىكى قەبرىسمۇ بولۇپ، «ياغاچ جەسەت① قەبرە»سىنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇبىي رايوندىكى ئىككى قەبرىسىنى ئارخېئولوگلار 4 ـ قەۋەت بىلەن 5 ـ قەۋەتنى قېزىۋاتقاندا بايقىغان. ئارخېئولوگلار شىمالىي رايوندىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىدىن ئاز دېگەندىمۇ بەشنى بايقىدى. لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقى دەسلەپتە قېزىلغان كېمە شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا ئوخشىمايدۇ. جەسەت ساندۇقىنىڭ يېپقۇچى تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، بىر قەۋەت لاي بىلەن پۈختا سۇۋالغان، يېپقۇچىنىڭ ئاستى ياغاچ ئۆي بولۇپ، ئۇ، ياغاچلارنى جۈپلەش ـ ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان. ياغاچ ئۆينىڭ ئاستىدا كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كېمە شەكىللىك جەسەت ساندۇقى بار ئىكەن.

قېزىپ چىقىرىلغان، مۇكەممەل ساقلانغان ئىپتىدائىي ھالەتتىكى قەبرىگە ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى دەپنە قىلىش جەريانىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئالدى بىلەن تىك بىر ئورەك كولىنىپ، كېمە شەكىللىك جەسەت ساندۇقى قويۇلغان، ئاندىن ياغاچ ئۆينىڭ تاشقى قىسمى قومۇش ئارغامچا بىلەن باغلانغان. ياغاچ ئۆينىڭ ئۈستى بىلەن لاي سۇۋاققا تېگىشىدىغان جاي تېخىمۇ قويۇق قومۇش ئارغامچا بىلەن باغلانغان. يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب بۇرجەكىگە بىردىن قوزۇق قېقىلىپ، قومۇش ئارغامچا باغلانغان. ئەڭ ئاخىرىدا لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىنىڭ ئەتراپىغا تەخمىنەن بەش

① ياغاچ جەسەت ـ پۈتۈن ياغاچنى ئويۇپ ئادەمنىڭ يۈزى شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرە چاپلاش ئارقىلىق ئادەم سىياقىدا ياسالغان.

مېتىر كېلىدىغان قىرلىق توغراق قوزۇقلار قېقىلغان. بۇ قوزۇقلار دىئامېتىرى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان قاشانى شەكىللەندۈرگەن. قوزۇقلار قىزىل سىرلانغان، قوزۇقنىڭ ئۇچىغا قومۇش ئارغامچا بىلەن كالا بېشى ئېسىلغان. قېزىش داۋامىدا قوزۇقلارنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىن نۇرغۇن كالا بېشى، قوي بېشى يىغىۋالدۇق. بۇلار بەلكىم نەزىر ـ چىراغ قىلغاندا قېپقالغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن (ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل 3000 نەچچە يىل بۇرۇنقى سۆرلۈك دەپنە مۇراسىمىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى). ئارخېئولوگلار ياغاچ ئۆيدىن ياغاچ ھەيكەل، تېرە بىلەن ئورىغان مۈڭگۈزسىمان ئەسۋاب، ياغاچ كومزەك، چۈپۈقىنى توقۇلغان كومزەك، تەخسە قاتارلىق نۇرغۇن ھەمدەپنە بۇيۇمىنى بايقىدى. ئۆت جەسەت قورامىغا يەتكەن ئاياللارنىڭ جەسىتى بولۇپ، مومىيا يۈزىنىڭ قىسمەن جايلىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئۈستىگە سېرىق رەڭلىك پىلاش ئارتىلغان، بوينىغا قوپال يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن رەڭگى ئوچۇق مارجان ئېسىلغان، ئالتۇن ھالقا تاقالغان. ئارخېئولوگلار زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ، لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىغا دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ ئورنى ئالاھىدە دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئايال مومىيانىڭ بېشى، ئىرقى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىنىڭ بايقىلىشى بىلەن كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىغا يەنە بىر يېشىمنى كۈتۈپ ياتقان سىر قوشۇلدى.

ئارخېئولوگلار قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي يۈزىكىدىن يەنە بىر ياغاچ ئۆي شەكىللىك قەبرىنى بايقىدى. ئۇلار بۇ بېرگمان بايان قىلغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي شۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئەپسۇسكى، قەبرە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنىدى، لېكىن تازىلانغاندىن كېيىن خارابىدىن قەبرە ئۆلچىمىنىڭ باشقا قەبرىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قەبرە ئىچىنىڭ كۆلىمى يەتتە كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىر ئىدى. قىرلىق قوپال ياغاچ تۈۋرۈكلەر ۋە كەڭ ياغاچ تاختايلاردىن ياسالغان بۇ قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاختاي قويۇلغان بولۇپ، قەبرە ئىككى ئۆيگە ئايرىلغان. ئۆينىڭ ئىچىدىكى تام ياغاچلىرى، ياغاچ تۈۋرۈكلەر قىزىل بويالغان، ئۈستىگە قارا رەڭدە سىزىقى، تاك سىزىق ۋە كانەكچىلەر سىزىلغان. ئارخېئولوگلار قەبرە سىرتىنىڭ قات ـ قات كالا تېرىسى بىلەن ئورالغانلىقىنى، كالا تېرىسىنىڭ ئۈستىگە چاپلانغان ئوت ـ چۆپلەر سۈرۈلگەنلىكىنى بايقىدى. قەبرىنى چۆرىدەپ نۇرغۇن چالما دۆۋىلەنگەن، قەبرىنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چالمىلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە قەۋەت كالا بېشى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قويۇلغان. قەبرە ئىچىدىكى قالدۇق يادىكارلىقلار ئىچىدىن ئارخېئولوگلار يۇمىلاق تاش سەلتەنەت ھاسىسىنى تاپتى، ئۇ ھازىرغا قەدەر كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىدىن قېزىپ چىقىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىردىنبىر سەلتەنەت ھاسىسى. ئالتە ياغاچ جەسەت قەبرىسىمۇ بۇ قېتىمقى قېزىشتىكى زور بايقاش. ئارخېئولوگلار قەبرىنىڭ ئالدىدىكى قوزۇقتىكى ئىزنالارنى تەھلىل قىلىپ، ئالتە ياغاچ جەسەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇدا دەپنە قىلىنغان، ھەممىسى ئەرلەرنىڭ جەسىتى، قىياپىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، يۈزى ياپىلاق، قىزىل رەڭدە X سىزىقى سىزىلغان، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ياغاچقا ئويۇلغان ئادەمنىڭ يۈز ھەيكىلى بىلەن ياغاچقا ئويۇلغان ئادەم ھەيكىلىنى ئارخېئولوگلار لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدىن بايقىغان بولۇپ، توغراققا ئويۇلغانىدى. ئادەمنىڭ يۈز ھەيكىلى سوقىچاق ياغاچقا ئويۇلغان، ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، دىئامېتىرى ئەخمىنەن توققۇز سانتىمېتىر، كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ئادەمنىڭ ياغاچ ھەيكىلىنىڭ ئىككى قولىقىغا يۇمىلاق مىس ھالقا ئېسىپ قويۇلغان. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى قېزىش شۇنى كۆرسەتتىكى، 3000 نەچچە يىل بۇرۇن بۇ يەردە برونزا بولغان، لېكىن كىشىلەر برونزىدىن سايمان ياكى قازان ـ قومۇچ ياسىمىغان، بۇ بەلكىم كىچىك مۆرەنلىكلەرنىڭ بىر خىل زىننەت بۇيۇمى بولۇشى مۇمكىن. قېزىۋېلىنغان نەچچە مىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن ئوت ـ چۆپ، يۇڭ ۋە تېرىنىڭ مۇشۇ يەردە ياشىغان خەلق تۇرمۇشتا تايىنىدىغان ئاساسلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەرگە كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، قالپاققا قىزىل يۇڭ يىپ ئىشلەپ قويۇلغان، يەي قىستۇرۇلغان. جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا قىسقا قونچلۇق تېرە ئاياغ كىيگۈزۈلگەن، بېلىگە بەلۋاغ چىگىلگەن، ئۈستىگە پىلاش ئارتىلغان، پىلاش ياغاچ ئىلگەك بىلەن ئىلىپ قويۇلغان. ئارخېئولوگلار ھەربىر جەسەتنىڭ يېنىدىن بىر كىچىك قاپچۇقنى تاپقان. قاپچۇق ئىچىدە چاكاندا شاخلىرى، بۇغداي ياكى جوخگۈن قوناق دانلىرى بار ئىكەن. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىغا قويۇلغانلار جىنسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك كىيىم ـ كېچەك ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملارمۇ روشەن پەرقلەنگەن. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا مۇنۇلار بايقالدى: ئوخشىمىغان قەبرە رايونى ۋە قاتلامدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ بىرىكىشى، سايمانلار ئوخشىمايدىكەن: ئەر جەسەتلەرنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈلگەن كىگىز قالپاقلارغا قاتار يەي سىزەك قىستۇرۇلغان؛ ئاياللارغا كىيگۈزۈلگەن كىگىز قالپاقلارغا يەككە يەي سىزەك قىستۇرۇلغان، ئەرلەرگە يېپىلغان پىلاشلارنىڭ يۆپۈكلىرى ئىنەكتە، ئاياللارغا يېپىلغان پىلاشلارنىڭ يۆپۈكلىرى مۈرە قىسمىدا ئىكەن؛ ئەرلەرنىڭ بەلۋىغى بەلىقا، ئاياللارنىڭ بەلۋىغى قىسقا بويىغا ئوخشايدىكەن: 1 ـ قەۋەتتىن 3 ـ قەۋەتكىچە بولغان قەبرىلەردىن قېزىلغان بەلۋاغلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچىسى بىر خىل رەڭدە ئەكشى توقۇلغان، 4 ـ ، 5 ـ قەۋەتتىن قېزىلغان بەلۋاغلارغا قىزىل يەلەمەي سىزىقلار توقۇپ چىقىرىلغانىكەن. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىدا نامايان بولغان مەدەنىيەت بىر ئوبدان ساقلانغان قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇ قەبرىستانلىق جۇڭگودا يېگانە بولۇپلا قالماي، دۇنيادىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش قەبرىستانلىق يوق. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ سىرىنى توغرا ئېچىپ بېرىشتە ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ بىلىملىرىگە تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ھەرقايسى پەن مۇتەخەسسىسلىرى كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، كونكرېت تەتقىق قىلىشى زۆرۈر. بولۇپمۇ بۇنىڭغا ئارخېئولوگىيە، مۇھىت، ئانتروپولوگىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئېپىدېمىيە دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەن مۇتەخەسسىسلىرى قاتنىشىشى زۆرۈر. شۇنداقلا تەتقىقات نەتىجىمۇ تېزلىشىدۇ، نەتىجىمۇ نەتىجىلىك بولىدۇ.

ئومۇمەن، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا نۇرغۇن يېڭى، مۇھىم دەپنە ھالىتى بايقالدى. مەسىلەن: قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ھەم نەزىر ـ چىراغ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقى بايقالدى. قەبرىستانلىق لاي سۇۋاقلىق ياغاچ جەسەت ساندۇقىنى يادرو قىلغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۇنكول قەبرىستانلىقتىكى ئەڭ ئالىي ئۆلچەمدىكى ياغاچ ئۆي شەكلىدىكى بۇ چوڭ قەبرە ئۆزگىچە ھالەت شەكىللەندۇرگەن. قېزىش داۋامىدا بايقالغان خېلى كۆپ قەبرىنىڭ جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان چاغدىكى قىياپىتى ساقلاپ قېلىنغان، قەبرىلەردىكى جەسەتلەر، كىيىم ـ كېچەكلەر ھەم نۇرغۇن ھەمدەپنە بۇيۇم ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا،

قېزىۋېلىنغان 30 جەسەتنىڭ تېرىلىرى ۋە تۈك ـ چاچلىرى زىيانغا ئۇچرىمىغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن دەپنە قىلىنغان چاغدىكى قىياپەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. خارابە ۋە يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، كېيىنكى مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىنى كۈچلۈك ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى.

ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى: كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ھەم ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغاپ، چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىماس قىلدى. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى، جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى زور نەتىجە بولۇپلا قالماي، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر ياخشى پۇرسەت.

**[ماتېرىيال 2: كىچىك مۆرەن ۋە كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيە تارىخى]**

1910 ـ ، 1911 ـ يىللىرى بۇ يەرلىك ئوۋچى ئۆردەك بۇ قەبرىستانلىقنى بايقىغان، شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ بېرگمان 1934 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا يولباشچى بولغان.

بېرگمان بىلەن ئۆردەك كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئايرىلغان بىر ئېقىننى بويلاپ جەنۇبقا ماڭغان. بېرگمان بۇ ئېقىننى ئۆز خىيالىچىلا «ئۆستەڭ» ( 小河 ) دەپ ئاتىغان. ئۇلار بۇ ئېقىننىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا بۇ قەبرىستانلىقنى بايقىغان. بېرگمان شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا «1000 دىن ئارتۇق جەسەت ساندۇقى بار قەبرىستانلىق» دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈرگەن بۇ قەبرىستانلىققا «ئۆستەڭ بويىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق» دەپ نام بەرگەن. بېرگمان 1939 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» (خەنزۇچىدا «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن كىتابتا ئېقىن ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەم قېزىش خىزمىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئاجايىپ دەپنە شەكلى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان لوپنۇرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مول مەدەنىيەت ئۇچۇرى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بېرگمان كىچىك مۆرەننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 60 نەچچە يىلدا بۇ يەرگە ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغان. كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقى لوپنۇر قۇملۇقىدا ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـــ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ بىڭخۇا 2000 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا شېنجېن «بۈيۈك تاڭ» كىنو ـ ئېلان ئىشلەش شىركىتى تەشكىللىگەن «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىدىكى پايانسىز قۇملۇققا سەپەر» دېگەن فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بۇ يەرگە كېلىپ يەر شارى ئورۇن بېكىتىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ لوپنۇر قۇملۇقىغا كىرىپ، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى قايتا بايقىغان. ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 ـ يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى قېزىش بويىچە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەشكىللىدى، تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەترەت باشلىقى بولدى. ئۇلار دېكابىردا كىچىك مۆرەن رايونىغا كېلىپ، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەرنى بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈردى ۋە كىچىك دائىرىدە سىناق تەرىقىسىدە قازدى.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 2003 ـ يىلى ئۆكتەبىردە كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك قېزىش تۈرىنى باشلاشنى تەستىقلىدى. تەتقىقاتچى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەترەت تەشكىللەپ، ئۈچ ئاي داۋاملاشقان قېزىشنى باشلىدى. كېيىن بوران بەك ئەدەپ كەتكەنلىكتىن، قېزىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، قەبرىستانلىققا قارايدىغان خادىملارنى قالدۇرۇپ قويۇپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2004 ـ يىلى سېنتەبىردە جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ يەنە ئەترەت تەشكىللەپ، لوپنۇر قۇملۇقىدا قېزىش خىزمىتىنى قايتا باشلىدى. 2005 ـ يىلى مارتتا كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك قېزىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. (بۇ ماتېرىياللار ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ يىغىندىكى سۆزى، كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىش دوكلاتى ۋە ئالاقىدار گېزىت ـ ژۇرناللاردىن رەتلەپ چىقىلدى).

ئۇنىڭ دوكلاتى تۈگىدى. ئۇ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇنبەردىن چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنىيەت ۋە كەمتەرلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مەن يىغىن ئەھلىگە قارىدىم. زالدا ـ يىغىنغا قاتناشقان يۈزدىن ئارتۇق ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دۆلەت كىشىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى ساناپ باقتىم. جەمئىي 11 ئادەم ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل ئالتە ئادەم ئىكەن! بۇ ئاز سان ئەمەس ئىدى. بىر خەلقئارالىق يىغىنغا ئۇيغۇردىن 11 ئادەم قاتناشتى دېگەن چوڭ گەپ ئىدى. بىراق بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشقا بولاتتىكى. ماختىنىشقا بولالمايتتى، بىلىشىمچە، مۇشۇ يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئالىم ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز خېلى بار ئىدى. ئەمما، يىغىننىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى بۇلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىنى چەكلەپ قويغانىدى (بۇ ئالىملار چەت ئەللەردە ئىلىم تەتقىقاتى يىغىنلىرى ئېچىلسىغۇ ئاساسەن بارالمايدۇ. مۇشۇ ئانا تۇپراقتا ئېچىلغان بۇ يىغىنغا قاتنىشالمىسا، بەك ئېچىنىشلىق ئىش بولمامدۇ؟ ئاڭلىشىمچە، بەزى ئالىملار يىغىنغا كەلگەن. بىراق كۈتۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولمىغان ياكى ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەي، دىلى رەنجىپ قايتىپ كەتكەن. بۇ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بىردىنبىر چوڭ يېتەرسىز تەرىپى بوپقالدى).

**ئويلاپ قالدىم، ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرى كۆپلەپ ئېچىلىۋاتىدۇ، ئىلىم مۇھاكىمىسى، تەتقىقات ۋە لېكسىيە بىرلەشتۈرۈلگەن پائالىيەتلەر كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بىراق، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ئالىم ـ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ سانى چەكلىك، چەكلىك بولغاندىمۇ، ئىنتايىن چەكلىك! مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئالىملىرىمىزنىڭ ئاشۇ يىغىنلارغا ئېلىپ چىققۇدەك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ يوقلۇقى، بىلىم ـ قابىلىيىتىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن ئۇچۇر ئامىلىنىڭ كەملىكىدىن. ھازىر جۇڭگونىڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە سېلىۋاتقان مەبلىغى كۈن‍ـ**

سايىن ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇمۇ چەكلىك بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا چەت ئەللەرگە چىقىشىغا، چوڭ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىغا بېرىشىغا يەتمەيدۇ. ئالىملار، تەتقىقاتچىلار بولسا بۇنداق ئېغىر يۈكنى ئۆزى يالغۇز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئۇچۇر بولسا ھەممە ئادەم تەڭ پايدىلىنىدىغان، بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇمۇ ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئامىلنى شەرت قىلىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھال يەنە داۋام قىلسۇنمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ بىر جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشى ئوخشاش، مەلۇم جەمئىيەت، مەلۇم مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مەۋجۇدلۇقى يەنە شۇ ئالىم ـ مۇتەخەسسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن كاپالەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى ئىلىم ـ پەن ئۇچۇر دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز جەمئىيەتكە، جەمئىيەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتلارغا، باي كارخانىچىلارغا مۇراجىئەت قىلساق بولماسمۇ؟ ئىلگىرى بىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ نۇرغۇن مەكتەپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىنى قۇرغان. بۇلار ئەلۋەتتە زۆرۈر ئىدى. ئەمدى بولسا، ئاشۇ مەكتەپلەردىكى بالىلارغا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان روھىي تۈۋرۈك ۋە يولباشچى ئالىملىرىمىزنى يۆلىسەك، يار ـ يۆلەك بولساق، ئۇلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەدەت بەرسەك بولمامدىكەن؟ تازا بولىدۇ! ھازىرقىدەك كۈچلۈك رىقابەتتە تېڭىرقاپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان، روھىي ئازغۇنلۇق ياكى روھىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئەلەڭلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن يۈك بولۇپ قالغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر مىللىي ئالىي ئېتىقادتىن مەھرۇم بولۇۋاتقان چۈشكۈن ئىجتىمائىيىتىمىز ئۈچۈن قەدىمكى ئەجدادلاردىن ئىپتىخارلىق، ھازىرقى ئۇلۇغلار ـ ئالىملار ـ مۇتەخەسسىلەر، ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلىرىمىزدىن روھىي مەدەت ئالساق، كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ قەدەم ئالىدىغان ھەقىقىي مىللىي روھنى يېتىلدۈرگىلى بولاتتى. (بىز كىچىكلەر ئۈچۈن گەرچە يېتەرلىك بولمىسىمۇ، خېلى كۈچ چىقاردۇق. مانا ئەمدى بىز ئىقتىسادىي يار ـ يۆلەكتە بولىدىغان نۆۋەت چوڭلارغا ـ ئاشۇ كىچىكلەرگە ئۈلگە بولىدىغان مەنىۋى يولباشچىلارغا كەلگەندەك تۇرىدۇ). بىزنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كىچىكتىن چوڭغىچە ياكى چوڭدىن كىچىككىچە باشتىن ـ ئاياغ ئىزچىل بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداقلا ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى تەبىئىي باغلىغىلى، ئىزچىل بىر تەرەققىيات يولىغا باشلىغىلى بولاتتى. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالىملىرىمىز، مۇتەخەسسىلىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز سانى ئاز بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىمۇ ياشىنىپ قالغان، تولىمۇ جاپالىق تەتقىقات، بىلىم كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان رىقابەتلىك دۇنيادا بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش، تولۇقلاش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، ئۇلار ئەۋلادلار ئۈچۈن تۆھپە ـ بەخت يارىتىشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئالىملىقىدىن باشقا، ئىقتىسادىي رىقابەت تولىمۇ كەسكىن جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىز رېئاللىقى ـ تەلپىگە لايىقلىشالايدىغان ماددىي بايلىقى يوق (يامنى كەلسە، مانا مۇشۇ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي ئامىل تۈپەيلى شاللاپ تاشلىنىدۇ!) شۇڭا روھىي ۋە ئىقتىسادىي مەدەت بىلەن ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنى قوللىشىمىز كېرەك. ھەرگىز ئۇلار «كېتىپ» قالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ياش ئەۋلادلار زارىقىۋاتقان، ئۇلارنىڭ روھىي ئېچىرقاشلىرى، ھاياتقا بولغان ئۈمىدى تەلەپ قىلىۋاتقان روھىي مەنبە ـ غۇرۇر، ئىپتىخارلىق، ئۆزلۈك، ئىشەنچ، مۇۋەپپەقىيەتتىن ئىبارەت ھايات مەشئىلىنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك!

بۇ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان، ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ بۇنداق خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىغا قاتنىشىشى تۇنجى قېتىملىقى بولماستىن بەلكى دائىملىق ئىشىكەن. بۇ ھال كىشىنى ئىنتايىن خۇشھال قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇغان پۇرسىتى ۋە خەلقئارادا ئېرىشكەن ئىلىم نوپۇزلىرى بىلەن بۇنداق ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىغا دائىم دېگۈدەك قاتنىشىپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. بۇ دېگەن يالغۇز ئۇلارنىڭ شەرىپى ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ شان ـ شەرىپى. بۇ يەردە ئۇلارغىمۇ شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يىغىنلارغا كۆپلەپ قاتنىشىڭلار، ئابرۇيىڭلار يۇقىرى، چىققان دۆۋەڭلار ئېگىز بولسۇن! بىراق يۇرتتا قالغانلارنى، ئۆزۈڭلاردەك پۈتكۈل ئۆمرىنى كەسپىكە ـ تەتقىقاتقا ئاتىغانلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، كېيىن كەلگەندە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ قويۇڭلار. بۇ، جاھان ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ھېچبولمىغاندا «ئۆزى يەپ ئۆزى داڭلاپتۇ» دېگەندەك بويقالماسلىق ئۈچۈن، ئاشۇ چەت ئەللەردە بولۇۋاتقان خەلقئارالىق ئىلىم مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، نېمىلەرنىڭ دېيىلىپ، نېمىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بىزمۇ بىلىپ قالايلى. بۇنداق ۋەزىپە يالغۇز تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئىسرايىل يۈسۈپ، ئابدۇبەسىر شۈكۈرىي ئەپەندىلەرگە يۈكلىنىپ قالمىسۇن. بۇ ۋەتەن، بۇ خەلقنىڭ سىلەرنىڭ چەت ئەللەردە ئىكەنلىكىڭلارنىلا ئەمەس، بەلكى نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭلارنى، ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن نېمە قىلغانلىقىڭلارنى بەك بىلگۈسى بار. بىز بۇ ۋەتەندىن تانالامدۇق؟!

4

يارغول ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنسانىيەتنىڭ شەھەرلەشكەنلىكى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈلگە، بەلگە ۋە تاج بولۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل رەۋىشتە ساقلىنىپ قالغان ئاجايىپ مۆجىزە. ئۇ ئۆزى بىنا بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ۋە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىرقانچە مىڭ يىللىق مۇساپە، ھەممە بۇ جايلاردا يارلىتقا كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تۇرپاننىڭ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ، تۇرپان خەلقىنىڭ، ئومۇمەن پۈتكۈل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقى، شىمالى، جەنۇبىنىڭ ۋە بۇ جايدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىگە شاھىد، ئۆرنەك بولۇپ تۇرماقتا.

**[ماتېرىيال 3: يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى]**

يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەسلىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى بولۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر غەربىدىكى يار ئېغىزى غولىغا جايلاشقان.

بۇ يەر دەسلەپتە ئالدى قاڭقىل خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، دۆزى (تۆزىسى) دەپ ئاتالغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يارغول دەپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇكى (ۋۇجى) جىبىرىكچى بەگلىرى تۇرغۇزۇلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇ ئايىمىقى قۇرۇلغان. ئەنشى قوروۋقچى بەگ مەھكىمىسىمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ جايدا تۇرغان. كېيىن ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر

خانلىقىغا قارىغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكىلەر قوزغىغان توپىلاڭنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىغان. 1383 ـ يىلى بېشبالىقتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى خىزىر خوجا ئىدىقۇت شەھىرى ئۈستىدىن جىھات قىلغانلىقتىن، شەھەر خارابىلىككە ئايلانغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان زامانغا تەۋە يالدامىلاردۇر.

خارابە جايلاشقان تۈپىلىك تىك قىيالىق بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى 20 ـ 30 مېترگە يەتكەچكە، قىيانىڭ گىرۋىكىدىكى مۇداپىئە توساق تېمىدىن باشقا، ئادەتتىكىدەك سېپىللار يوق. بۇ تۈپىلىك تال يوپۇرمىقى شەكلىدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1700 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئەڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ. قۇرۇلۇشلار ئاساسەن شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 360 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىي، شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدا ياردىن ئېچىلغان قوۋۇق بار. جەنۇبىي قوۋۇق بىلەن شەرقىي قوۋۇق قەدىمكى شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، شەھەرنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول جەنۇبىي ۋە شەرقىي قوۋۇقلار بىلەن تۇتىشىدۇ ھەمدە قۇرۇلۇشلار مەركەزلەشكەن رايوندىكى 47 تار كوچىنىمۇ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، پۈتكۈل شەھەرنىڭ قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاھالىلەر ئولتۇرىدىغان قورۇ ـ جايلارنىڭ ئىشىكلىرى بىۋاستە چوڭ يولغا قارىتىپ ئېچىلماي، بەلكى تار كوچىلار ئارقىلىق چوڭ يولغا تۇتاشتۇرۇلغان.

خارابىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئاھالىلەر ئۆيلىرى، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى، ئىبادەتخانا، ئامبار قاتارلىقلار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۆيلەر سوقما تاملار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىچىدە كارىدور، كىچىك سېنا، سۇ قۇدۇقى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەم رولى پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆيلەر بار. ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدە مورا ۋە ئويۇقلار بار. مەھكىمىلەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى توت كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىدۇ. يەر ئۈستىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپى ساقلىنىپ قالمىغان بولۇپ، قالدۇرۇلغان تام قالدۇقىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېترغا يېتىدۇ؛ پەقەت يەر ئاستىدىكى ئۆي، چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان يوشۇرۇن لەخمە، تۇرغۇن ئىدىش ئورنى، چوڭ قۇدۇق قاتارلىقلارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئادەتتىكى ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، يەنى شەرقىي قوۋۇققا يېقىن كېلىدىغان جايدا تىك قىياغا كولانغان غار شەكىللىك بىر يۈرۈش قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇلار ئامبار بولسا كېرەك. چۈنكى، قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈك ۋە ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنغان «يارغول ئەگرى ئامبىرى»، «يارغول ئامبىرى» دېگەن خاتىرىلەر بۇنى دەلىللەيدۇ. شەھەر ئىچىدە كۆلىمى ۋە دەۋرى ئوخشاش بولمىغان بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇت قەسرى، بۇددا مۇنارى، بۇددا سۇپىسى قاتارلىق ئىزلار 85 ئورۇندا بار. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 5200 كۋادرات مېترغا يېتىدۇ. دالانچە ۋە ئارقا ساراي، بۇت قەسرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بۇت تەكچىسى، ئىككى ياندىكى ھۇجرىلار، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى قۇدۇق، ئىشىك ئورنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا ئىشىكى، سېناسى، بۇت قەسرى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرا ئوق قىلىپ قارىغاندا، ئۇلارنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆرنىكى، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. يارغول شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ئاساسەن قۇدۇق بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر بايقالغان 153 قۇدۇق شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. قۇرۇلۇشلار بىر قەدەر زىچ بولغان يەردە قۇدۇقلارمۇ سەل كۆپرەك بولغان. قۇدۇقلارنىڭ ئاغزى يۇمىلاق، دىئامېتىرى 1 ـ 1.4 مېتىر، ئەڭ چوڭ قۇدۇقنىڭ ئاغزى ئىككى مېتىر كېلىدۇ.

ھازىر ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇشلاردىن ئوخشىمايدىغان بىناكارلىق تېخنىكىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يەرنى كولاپ تام قوپۇرۇش تېخنىكىسىنى ئالغاندا، بۇنىڭدا تام ئورنى قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ـ سىرتى كولانغاندىن كېيىن تام شەكىللىنىدۇ، بۇ ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخنىكا ۋە ئاساسلىق قۇرۇلۇش شەكلى ھېسابلىنىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە قاتداش، لاي دۈۋىلەش، كېسەك ـ چالمىلار بىلەن قوپۇرۇش، گەمە كولاش قاتارلىق تېخنىكىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمايدىغان رول تەلىپى ۋە دەۋر ئۆزگىرىشىنى نامايان قىلغان. يارغول تۈپىلىكىنىڭ شىمالىدا يەنە 7 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە قىيپاش بوللۇق، ئۆڭكۈرسىمان لەھەتلىك نەچچە ئون قەبرە بار. بۇ قەدىمكى شەھەر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. («شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» خەنزۇچە نەشرى 7 ـ بەت)

**دۇنياۋى بۇ ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىنىڭ تۈنجى كۈنى كەچتە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن يۈزدىن ئارتۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن سۈكۈت ئىچىدە ياتقان بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، شەھەر دەرۋازىسىنى قاقتى! بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل ھاياجان، ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىل كۆرمىگەن مەھەللىسىنى كۆرگەن، دالىدىكى يېگانە ئۆيىنى تاپقان غېرىبنىڭ، ئانا يۇرت ئىشقىدا بىر ئۆمۈر كۆيگەن ئەۋلادنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئون يىل ۋاقتىنى مۇشۇ تۇرپان ـ يارغول ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەدىمكى تارىخ ـ مەدەنىيىتىدىكى سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان، تەر ئاققۇزغان ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، بولۇپمۇ چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ھەۋەس بىلەن بۇ قەدىمكى شەھەرگە باقاتتى. كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا، خۇددى بۇ قەدىمكى شەھەرنى ئويغىتىپ قويۇشتىن قورققاندەك ياكى ئۇنىڭ «ئۈستىخىنى»ئاغرىپ كېتىدىغاندەك ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ قەدىمكى تاملىرىنى سىلاپ، تۇپرىقىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ يۈزلىرىگە سۈرتەتتى ...**

**بۈگۈن بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ سۈكۈتلۈك ئۇيقۇسى ھەقىقەتەن بۇزۇلغانىدى! بۇ كۈن كەچ، بۇ يەر ـ يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ياڭرىغان «يارقۇت ① قەدىمكى كۈيى» ھەقىقەتەن بۇ شەھەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ـ ئۆتمۈشىنى قايتا نامايان قىلىپ بارماقتا ئىدى.**

**قەدىمكى شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ـ قەدىمكى مەركىزىي ئوردىنىڭ ئالدىغا سەھنە ياسالغان بولۇپ، سەھنىنىڭ ئالدى شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلانغان مەركىزىي يولغا قارىتىلغان، ئىككى تەرىپى قەدىمكى ئىمارەت، ئېگىز بىنالارنىڭ قالدۇق تاملىرى بىلەن ئورالغان، كەينى تەرىپىدە قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئىمارەتنىڭ قالدۇقى ـ ھېلىمۇ ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇرغان ئورۇندا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ سەھنىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىت خۇددى ئۇستا**

① يارقۇت ـ تۇرپاندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يارغول شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىنىڭ ياكى شەھەرنىڭ ئۆزىنىڭ نامى قەدىمدىن باشلاپ «يارقۇت» دېيىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەريا قوشۇلۇپ «يارغول» دېيىلگەنىكەن.

رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشاش كەچكى شەپەق نۇرىدا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىر سەھنە ئالدىغا كەلگەن چاغ، بۇ سەھنە، بۇ قەدىمكى شەھەر قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى. مۇشۇ تاپتىكى تۇيغۇ، ئەتراپتىكى مۇھىت، رەڭ كىشىنى تەبىئىي ھالدا تولىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخ رىۋايىتى ئىچىگە باشلاپ كىرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى ...

«يارقۇت قەدىمكى كۆيى» باشلاندى. بۇ كۆي «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىكى ئۆرنەكلەر، تۇرپان مۇقامى ـ ئەلنەغمىلىرىدىن تاللانمىلار، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدىن ئارىيىلەر بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا يەنە ئۇيغۇر ـ تۇرپان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، ئەلنەغمىلىرى بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ ناخشا ـ كۆيلەرنىڭ قەدىمىلىكى، خاسلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يارغولدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ـ قەدىمىي مەدەنىيەت ئاستانىسىدا بۇ مۇقەددەس سىمۋولنىڭ سەھنە ـ دېكوراتسىيە قىلىپ ئورۇنلىنىشى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ۋۇجۇدىدا مۇشۇ تۇپراق، مۇشۇ خەلققە ئاز ـ تولا مۇھەببىتى بار ھەرقانداق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، قانلىرىنى قاينىتىپ، يىراق بىر ئۆتمۈشكە ـ ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرغان مەنىۋى ـ روھىي تۈۋرۈك قېشىغا باشلاپ باراتتى...

بۇ قەدىمكى كۆي ـ «يارقۇت قەدىمكى كۆيى» شۇنداق باشلاندى. ئۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ سىستېمىلاشقان، مۇكەممەللەشكەن، يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە تولغان «ئون ئىككى مۇقام»دىكى ئۆرنەكلەردىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ شاخ ـ يىلتىزلىرى بولغان يەرلىك مەشرەپ ـ مۇقاملار، ئەلنەغمە ـ كۆيلەر بىلەن ئاياغلىشىپ بارماقتا ئىدى. بۇ ھال كىشىگە بىر تۈپ توغراق ۋە ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان تارماق يىلتىزلىرىنى، بۈيۈك تارىم دەرياسى ۋە ئۇنى ھاسىل قىلغان تارماق ئېقىنلارنى ئەسلىتىپ، ئۇلارغا بولغان سېغىنىش، ھۆرمەت، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. بۇ ھال كىشىگە بۇنىڭدىن 2000 مىڭ يىل ئىلگىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆي، مەشرەپ ـ مۇقاملارنىڭ مۇشۇ جايدا ـ دەل بۈگۈن «يارقۇت قەدىمكى كۆيى» ئورۇنلىنىۋاتقان مۇشۇ جايدا ئورۇنلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مۇشۇ قەدىمكى شەھەرگە، شەھەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرى، يوللارغا، دەريالار ـ ئەتراپقا، پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىغا، تارىم ـ جۇڭغار ۋادىلىرىغا ... سىڭىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس، ئۇدۇم بوپكېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

بۇ قەدىمكى ناخشا ـ كۆيلەر كىشىنى بىردە خۇشال قىلسا، بىردە ساراسىمىگە سالاتتى. خۇشاللىق بولسا، بۇ كۆينىڭ تۇرپاندا چاقىرىلغان دۇنياۋى ئىلىم مۇھاكىمىسى مەزگىلىدە، مۇشۇ قەدىمكى شەھەردە ياڭراپ، ئۇزاق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى باغلاپ، دۇنياۋى ئىلىم ئەھلىلىرى يىغىلىشىغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى تۈس بەرگىنى ئىدى. سارسىمە بولسا، 2000 يىلدىن ئارتۇق سوكۇتلۇق ئۇيقۇدا ياتقان بۇ قەدىمكى ئاستانىنىڭ تارىختىكى ئۆلانيا تەبىئىي ئاپەتلەر جۈملىدىن بىھېساب بوران ـ چاپقۇن، رەھىمسىز سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن ئامان قېلىپ، بۈگۈنكى يېڭى تارىخنى ـ ئۆزىنىڭ جاھان ئىلىم ئەھلى ئالدىدا قايتا نامايان بولۇشىنى كۈتۈۋېلىشى، ھەم مۇشۇ «خۇشاللىق» ئارىسىغا يوشۇرۇنغان يېڭى بوران ـ چاپقۇن ئىدى! چۈنكى ئۇنىڭ سوكۇتلۇق ئۇيقۇسى ـ ئەجدادلار مىراسىنى ئەۋلادلار قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپە ـ مۇقەددەس ئۇزۇن سەپەر جەريانى مۇشۇ كۆي، مۇشۇ خۇشاللىق بىلەن ئەبەدىيلىك بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بىزنىڭ «يارقۇت قەدىمكى كۆيى»دىكى ھاياجىنىمىز، خۇشاللىق تەنتەنىلىرىمىز بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت ئاستانىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پاجىئەلىك قىسمىتىگە سەۋەب بوپقېلىشى، بۈگۈنكى مۇشۇ كۆي بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ جايدا داۋاملىق ياڭراپ، توپ ـ توپ ماشىنا، توپ ـ توپ ئادەم ئۇنىڭ باغرىنى پىتقىلاپ، ئارامىنى بۇزۇشى، ئۇنىڭ مەۋجۇد ھالىتىگە خەۋپ ئەكېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ مېنىڭلا ئەندىشەم ئەمەس، بەلكى بۇ قەدىمكى كۆينى ئاڭلىغان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىردەملىك ھاياجاندىن كېيىن چىرايىدىن، ئۆزئارا پىچىرلاشلىرىدىن، ئۇھ تارتىشلىرىدىن بىلىنگەن ئەندىشە ـ سارسىمە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەندىشە ـ سارسىمە ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆي ياڭرىماي تۇرۇپمۇ ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن قەدىمكى شەھەر، سالتەنەتلىك قەدىمكى سەنئەت سارىيى بولغان تاشكېمىر، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىمىزنىڭ ئارامى بۇزۇلغان، پەقەت پۇل تېپىشنى بىلىپ، قوغداشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»نى ئوقۇمىغان، ئىزچىللاشتۇرمىغان بەزى ئادەملەر ۋە ئورۇنلار ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خەۋپ ئەكېلىۋاتقان، ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى، يادىكارلىقلىرى يوقىلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان پاجىئەلىك رېئاللىق ئىدى.

بۇ قەدىمكى كۆي شۇنداق ئاياغلاشتى. يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن قايتقاندا يېقىن ئەھلىنىڭ بېشى چۈشكەن، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەك بوپقالغانىدى. بۇ ھالنى قەدىمكى ئۇيغۇر كۆيلىرى بەخش ئەتكەن ھاياجاننىڭ سېھرىي كۈچىدىن ۋە ياكى باياملىقى ئەندىشە ـ سارسىمە ئەكەلگەن روھى چۈشۈشتىن دەپ ئويلاشقىمۇ بولاتتى. يىراق يارغولدىن قايتقاندا، بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇس ـ مىنبۇسلاردىكى ئىچى شۇ قەدەر تىمتاس ئىدىكى، گويا باياملىقى قەدىمكى ئۇيغۇر كۆيلىرى ياڭراشتىن ئىلگىرىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ سوكۇتلۇق ھالىتىگە ئوخشايتتى. ئوخشىمايدىغىنى، ئاپتوبۇس ـ مىنبۇسلاردىكى ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى دېرىزىگە تىكىلگەن، تولىمۇ مۇرەككەپ ئوي ـ خىياللار بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى. پىچىرلاشلار ھەر خىل تىللاردا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرىدە بىرلا نۇقتا ـ يارغول قەدىمكى شەھىرى بولغاچ، بۇ پىچىرلاشلاردىن ئۇلارنىڭ بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى تىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى ...

5

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا «تۇرپاننىڭ زېمىنى كىچىك، بايلىقى كەمچىل، تەبىئىي شارائىتى ياخشى ئەمەس، بۇلار بىزنىڭ تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا زور چەكلىمە ئەكېلىدۇ. بىراق، تۇرپاننىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى مول ھەم دۇنياغا مەشھۇر. بىز تۇرپاننىڭ «ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇشىمىز، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بايلىق ئارقىلىق تۇرپان ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، تۇرپاننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك» دېيىشتى.

بۇ، قېلىپلىشىپ قالغان سىياسىي دوكلات، ئورۇنلاشتۇرۇشتەك قىلىندۇ. بىراق، مېنىڭچە بۇ تۇرپاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى تۇتقان يولىدا ئوينىغان رولى، ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە. يېقىنقى ئون يىللىق ئەھۋالدىن

قارىغاندا، تۇرپان ۋىلايىتى تۇرپاننىڭ تەرەققىياتىدا تەبىئىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. ئەمما، شارائىت چەكلىملىكى بولغاچ، ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا مەدەنىيەت ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمەت يۆنىلىشىنى يولغا قويدى ھەم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مانا ھازىر بولسا، مەدەنىيەت تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتىدۇ.

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىگە تەۋە، ئىنسانلار ئەقىل - پاراستى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بەلگىسى. ئۇ ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجە، شەكىلدە ئىپادە قىلىنىپ، ئىنسانلارنى ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجاد قىلىش، ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىزچىللىققا ئىگە ھالقا ئىچىدە باغلاپ كەلدى. ئۇ شەكىلسىز ۋە شەكىللىك ھالەتتە (مەنىۋى ۋە ماددىي ھالەتتە) ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتچانلىقى بىلەن قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، ھازىرقىنى قەدىمكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۆزئارا تولۇقلاش ھەم تېزلا يېڭى بىر شەيئى - يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئاپىرىدە قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشتى ھەم ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ قىممىتى، رولىنى توغرا، تولۇق تونۇش، نۆۋەتتىكى ئۇچۇر دەۋرىدە مەلۇم تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي چەكلىملىك ئىچىدىكى رايونلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مېنىڭچە، تۇرپان، تۇرپاندىكى رەھبەرلەر بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى تونۇغان ھەم ۋاقتىدا تەدبىر قوللانغان. يۇقىرىدا مىسال ئالغان بىر ئابزاس سۆز (بۇ سۆزنى مەن بىۋاستە ئاڭلىغان ئەمەس، ئۇنى تۇرپان ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىسى ئابلىم قەييۇم ئەپەندى مۇشۇ يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان چاغدا، ئىنتايىن ھاياجان بىلەن ماڭا ئېيتقانىدى) دىن بۇنىڭ رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىگە كىرگەنلىكىنى ئىپادە قىلسا، ئەمەلىيەتتە يېقىنقى يىللاردا - مانا كۆز ئالدىمىزدا، مۇشۇ دۇنياۋى ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىندا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن تۇرپانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئارقىلىق تۇرپاننى تەشۋىق قىلىش، تۇرپاننى داڭلىق ماركىغا ئايلاندۇرۇپ، تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت دادىل قەدەمنى تاشلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ تۇرپان ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى - مەدەنىيەت بايلىقى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى.

1988 - يىلى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ھازىرقى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا قەدەر بولغان جەريان ۋە بۇ جەرياندا ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، جۇڭگو بويىچە ئېچىلغان بىرقانچە قېتىملىق «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»لىرى گەرچە خەلقئارادا «تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتى بويىچە بويىچە رەسمىي ئىلمىي ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، تەرەققىي قىلىپ200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۇرپاندىكى بۇ ئىشلار مۆجىزە، تۇرپاندىكى رەھبەرلەرنىڭ «قاپ يۈرەك»لىكى ئىدى. بىراق، ئۇلار بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى قانچە تېز تونۇغان، ھېس قىلغان بولسا، ئەمەلىي ئۈنۈمىنىمۇ شۇنچە تېز كۆردى، قولغا كەلتۈردى. ئۈزۈم، قوغۇن بىلەن دۆلەت ئىچىدە داڭلىق بۇ جاي ئەمدى يەر شارىغا مەدەنىيەت ئارقىلىق تونۇلدى. بىزدىكى يېمەك - ئىچمەك بىلەن داڭلىق ھېسابلىنىدىغان، ماختىنىدىغان ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق داڭق چىقاردى، دۇنياغا تونۇلدى!

تۇرپان شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ رايونلارنىڭ بىرى، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ، تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرى جەھەتتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن تۇرپان رەھبەرلىرى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە قۇردى. 2000 - يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋە قۇمۇلدا دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ساياھەتچىلىككە ئېچىۋېتىلگەنلىرى ساياھەت كارخانىلىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ ياكى بۇيرۇق بىلەن ئېچىش - پايدىلىنىش ھوقۇقى ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشكە باشلىغان (بۇ جايلارنىڭ ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ كىرىم شۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى راسخوتىنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلايتتى ھەم مۇھىم كىرىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. بىراق، ئېچىۋېتىلگەن بۇ نۇقتىلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى، بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدە راسخوت كەمچىل بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش تەس بوپقالدى) ئەھۋالدا، تۇرپان ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ ۋىلايەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. ئىقتىسادىي كىرىمنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش، باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇردى.

تۇرپان ئەلنەغمە سەنئىتى تەرەققىي قىلغان، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئەسلى شەكىللىرى، يەرلىك ئالاھىدىلىك روشەن ساقلىنىپ قالغان رايون. تۇرپان مۇقامى ۋە ئەلنەغمە سەنئىتى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، يېقىنقى يىللاردا يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت سۈپىتىدە سەھنىلەردە، ئۆزىنىڭ يەرلىك ئاساسى، تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى بولغان خەلق مەشرەپلىرىدە يەرلىك مەھەللىۋى پۇراق ۋە سەنئەت سۈپىتىدە يېزا - قىشلاق، مەھەللە - كوچىلاردا قايتا نامايان بولدى. «نازىركوم» ئەلنەغمە سەنئىتى ھالىتىدىن يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، زامانىۋى سەھنە، تېلېۋىزىيە ئېكرانى، خەلق مەشرەپلىرى، مەھەللىۋى ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭسىز تۇرپان مەشرەپ - مۇقاملىرى قىزىمايدۇ، ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرى پۈتۈنلەنمەيدۇ، ۋايىغا يەتمەيدۇ. «تۇرپان (توقسۇن) دەرد - داغ مۇقامى»نىڭ قېزىپ رەتلىنىشى، سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ قايتا نامايان بولۇشى، ئۇيغۇر مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان بولسا، تۇرپان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى يەنە بىر غول ئېقىنغا - كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئۇرغۇپ تۇرغان مەنبەگە، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. «زىبمىن»، «سۇ بولۇپ ئاقتىم» ناملىق خەلق

ناخشىلىرىنىڭ يېڭى قىياپەت بىلەن سەھنە، تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىشى ھەققىدىمۇ «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك، «گۈل ئۈستىگە گۈل» كەلگەندەك، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئەت بېغىنى يېڭى گۈل بىلەن بېزەپ، ھەممىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا، سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى، ئادەملىرىمىزنى تۇرپانغا تېخىمۇ ئامراق قىلىپ قويدى! بۇنىڭ ھەممىسى تۇرپاندىكى ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت بايلىقىغا ـ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى مىراسلىرى بايلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقى، مۇئەييەن ئەۋزەل ئىجتىمائىي شارائىت، مۇھىت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن 2001 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە «ئاگاھ بول قەشقەر، شەرەپلىك نامىڭ قولدىن كەتمىسۇن!» ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغانىدىم. ماقالىدە قەشقەرنىڭ ئۇزاق تارىخى، گۈزەل مەنزىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى نۇقتا قىلىپ، ئەتراپتىكى قوشنىلارغا ـ دەل يۇقىرىقى شارائىتلارنى تولۇق ھازىرلىغان ھەم ھازىرلاشقا تىرىشىۋاتقان تۇرپانغا تەققاسلاپ تۇرۇپ مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، پۈتكۈل ئۇيغۇرغا خاس ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىدە جەم قىلغان قەشقەرنىڭ «قەشقەرگە كەلمىسەڭ، شىنجاڭغا كەلمىگەن ھېسابلىنىسەن» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنى قولدىن بەرمەسلىككە، خەققە تارتقۇزۇپ قويماسلىققا مۇراجىئەت قىلغانىدىم. توغرىسى يېلىنىپ، يالۋۇرغانىدىم (خۇددى قەشقەرنىڭ بۇلارنى قولدىن بەرگۈسى باردەك). چۈنكى، ئېنىق چاغدا، «كارۋان بۇيۇك» ـ «يىپەك يولى» دىكى قەدىمكى بوستانلىق تۇرپان، كورلا، ئىلى ... ھازىرقى قوشنا ۋىلايەت ـ ئوبلاستلار ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا پىلانلارنى تۈزۈشكەن، ئەمەلىي ئىش باشلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ناھايىتى تېزلا زور ئۇتۇق قازاندى. ئەسلىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇرغا خاس بولغان، پەقەت مەلۇم ماكان پەرقى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرغان نەرسىلەر تېزلا تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئۆزلەشتى. قەدىمكىلىرى قېزىپ چىقىلدى، يېڭىلىرى قوبۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش، مەدەنىيەت ساياھىتى ئارقىلىق تۇرپاننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ناھايىتى تېزلا ئۈنۈم بەردى. مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى ئاساس قىلغان ساياھەت نۇقتىلىرى كۆپىيىپ ئېچىلدى. «دېھقانلار ئائىلە شادلىقى ساياھىتى» جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. تۇرپاندىكى ھەربىر ساياھەت نۇقتىسى، ھەر بىر دېھقان ھويلا ـ باغلىرى، ئۈزۈمزارلىق، ھەتتا جۇگراق بىرەر تۈپ دەرەخ سايىسىمۇ سەنئەت سەھنىسىگە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسىغا ئايلىنىپ، ھەممە يەر ـ پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى ناخشا ـ مۇزىكا كېزىپ يۈرىدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى قايناپ تۇرىدىغان «چوڭ بازار»غا ئايلىنىپ قالغانىدى ...

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەمئىيىتى»نىڭ ئىچكى نومۇر بىلەن نەشر قىلىنىدىغان كەسپىي ژۇرنىلى. ئۇنىڭ ئاشكارا تارقىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى»نى قۇرۇشنى قارار قىلغاندا بېكىتىلگەن مۇھىم كۆنتەرتىپ ئىدى. دەرۋەقە، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇن چاڭخۇا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى»نى قۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئىزدىگەن بولسا، ئوخشاشلا «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى ئاشكارا تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن ھەم مەخسۇس ئىككى ئادەمنى مۇشۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە مەسئۇل قىلغانىدى. قارىماققا بۇ ئادەتتىكى ئىشتەك قىلىدۇ. بىراق، ھالقىلىق يېرىدىن ئېيتقاندا، بىر ۋىلايەت رەھبىرىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم بىر ئىشى ئۈچۈن بۇنچىلىك كۈچ چىقىرىشى ئاسان ئەمەس! بىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دېگەن ياكى «مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقات مەركىزى» قۇرىمەن دېگەن ۋالىي ـ ئوبلاست باشلىقلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان. لېكىن بۇ ئىشلار پەقەت يىغىندىلا دېيىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان، بۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىگىسى چىقمىغانىدى. مانا بۇ يىغىندا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى» قۇرۇلدى. ژۇرنالنىڭ ئاشكارا تارقىتىلىشىغا ئائىت رەسمىيەتلەر ئۆتىلىۋاتىدۇ.

«جۇڭگو يىپەك يولى مەدەنىيىتى تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى» بۇ يىل ئۆزىنىڭ 14 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىقىغا قاتناشقانىدىم. بۇ قېتىمقىسى ماڭا باشقىچە تەسىر قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى «ئۈزۈم سەيلىسى» يېڭى مەزمۇنغا ـ شەكىلگە ئىگە قىلىنىپتۇ. «ئۈزۈم سەيلىسى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا 2 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «يارغول (يارقوت) قەدىمكى كۆيى» بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك ھەممە ئىش، ھەممە پائالىيەت شۇنداق يارىشىپتۇ. تۇرپاننى تەشۋىق قىلىش، تۇرپاننى دۇنياغا تونۇتۇش، تۇرپاننى قايتا نامايان قىلىش ھەقىقىي ئىشقا ئېشىپتۇ. مەقسەت ـ مۇددىئا تولۇق ھاسىل بوپتۇ!

مېنىڭچە، تۇرپان، تۇرپانلىقلار، تۇرپاندىكى رەھبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆزى ـ ۋەدىسىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغان ۋە بۇ يولدا زور كۈچ چىقارغان. ئۇلار ھەقىقەتەن ئالقىشلاش ـ تەبرىكلەشكە مۇناسىپ ئىش قىلغان! مۇشۇ ئالقىشلار بىلەن قوشنا ۋىلايەت ـ ئوبلاست، ناھىيە ـ شەھەرلەرگە ئىلھام بەرسەك، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى ئىپادە قىلساق تامامەن بولىدۇ. بىراق تۇرپان، تۇرپانلىقلار ۋە تۇرپاندىكى رەھبەرلەرگە «يارغول (يارقوت) قەدىمكى كۆيى»نى يارغولدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدا، باشقا جايدا (بۇ كۆي باشقا جايدا بولسىمۇ، تۇرپان زېمىنىدا بولسىلا، ئۇيغۇر ـ تۇرپان پۇرىقى كەتمىسىلا ئوخشاشلا ئۈنۈم بېرىدۇ، ئوخشاشلا ھاياجانغا سالىدۇ، ئۇتۇق قازىنىدۇ) ياڭرىتىشنى، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئاستانىسىنىڭ سۈكۈتلۈك ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىقنى، ئۇنى تەبىئىيلىكى ۋە ھازىرقى ھالىتى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىزغا پۇرسەت بېرىش ھەققىدىكى ئۆتۈنۈشىمىزنى، بۇنىڭدىن كېيىن «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پۇلى بولمىسىمۇ يىغىنغا قاتناشقىلى قويۇشنى، ئۇلارنىڭمۇ بۇ يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلىش ھەققى بارلىقىنى ئويلىشىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىمىزنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.


2005 ـ يىل سېنتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

پولات خوجاييق فوتوسى

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر

# ئۇچۇر ئېمپېرىيىسى دۈچ كەلگەن بوھران



ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان

## بىز ياشاۋاتقان دۇنيا

بىز ھايات سىرلىرىنى دائىم يۈزەكى ھەم دۆلەك تەپەككۇر روھى بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەلدۇق. بۇ ئەلۋەتتە يېقىنقى مەزگىللىرىمىزگە تەئەللۇق بولغان يېتەكلىنىۋاتقان روھىي جەريانلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. دۇنيا مۇلاھىزاتلىرىغا ئورتاقلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھاياتنى مەۋجۇدلۇقىمىز ئۈستىدە كۆپىرەك كاللا قاتۇرۇش، ئۇچۇر دەۋرىدىكى ياشاش سەنئىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئەلۋەتتە. نېمىنى ئويلاش، نېمىنى دېيىش، نېمىنى قىلىش مەسىلىسىدە كالاسسىك ئۇدۇملىرىمىزدىن كەلگەن روھىيەت ئەندازلىرىمىز ۋە ئەخلاقىي تەربىيەتلىرىمىزنى چىقىش قىلماستىن، رودېنتالاشقان ۋە ئايىنغان «بېكىچە» ئۇسۇللارغا ئېسىلىۋالساق، بۈگۈنكى دەۋردىكى تولىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتكەن ئۇچۇر مۇئەممالىرىغا توغرا بىر جاۋابنى تاپىمىقىمىز تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئۇنداقتا، بۈگۈنكى ئۇچۇر غەۋغاسىغا مۇپتىلا بولغان بۇ ئەسىر نېمە بىلەن شۇنداق سىرلىق تۈسكە كىرىۋالدى؟ دۇنيا ئۇچۇرلاشتى، ئىقتىساد يەر شارىلاشتى. ۋاقىت ئىنسانلارنى شۇنداق تېزلىك بىلەن قوغلىدىكى، ئۇلارنىڭ روھلىرىدىن تاكى بەيلىرىگىچە تېلىپ كەتتى. بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى دۇنيانىڭ تېزلىك سۈرئىتىنى ۋەجىدىن 30 ياشقا تولۇق كىرمەي تۇرۇپلا ئۆزلىرىنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدىغان، جىنسىي قۇۋۋىتىدىن گۇمان قىلىدىغان ئۇچۇر چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بوپقېلىشتى. دۇنيانىڭ سىرلىق بولۇشى، ئىنسانلار ئۆزلىرى بەرپا قىلىپ چىققان ئاجايىباتلار ئۈستىدىن مەڭگۈ غەلىبە قىلالمايدىغان بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقتى. بىز دۇنيانىڭ زاھىرىي تەرىپىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم ـ يادرو سىناقلىرى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى تەھدىت، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىنىڭ بەرقارار بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى، ئاياللارنىڭ دەۋرىيلەشكەن قىياپەتلىرى ۋە يالىڭاچلانغان ھېسسىي ئامىللىرى تېخىمۇ سىرلىقلاشقان ۋە غەيرىي تەبىئىي يۈزلىنىشتە تەرەققىي قىلغان ئىنسانىيەت پىسخىك قاتلاملىرىنى شەكىللەندۈردى. بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى مۇنداق ئۈچ خىل تاشقى ئامىل سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاپەت ۋە كېسەللىك تەھدىتىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىرى، ئوخشىمىغان ھەزارەت ۋە دىنلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى قىممەت قاراش ھەمدە مەنپەئەت توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەت تەھدىتى؛ ئىككىنچىسى، ئاتوم ۋە يادرو سىناقلىرى چىقارغان زەھەرلىك بۇلغانمىلارنىڭ ئىنسان ئورگانىزمىدا پەيدا قىلىدىغان يامان سۈپەتلىك كېسەللىك تەھدىتى؛ ئۈچىنچىسى، دۇنيا خاراكتېرلىك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پاھىشە ۋە زىنا ـ زالالەتنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن كەلگەن ئەيدىز، شۇنىڭدەك باشقا جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئىنسانىيەت بويلاپ يامراش تەھدىتى. بۈگۈنكى يەرشارى مۇھىتىدا نەپەس ئېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەمنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۈچ خىل تەھدىتنىڭ بىرىدىن خالىي دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. تېزلىك بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بوپقالدى. ھەرقانداق بىر شەيئى تېزلىك ۋە جىددىيلىك بىلەن ماھىيەتلەندى. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىيات تېزلىكى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ۋاقىتنىڭ تېزلىكى ئۇنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ھەرقانداق بىر ئادەمدىن تېزلىكنى تەقەززا قىلىدىغان بوپقالدى. مۇشۇنداق يۇقىرى تېزلىكتىكى دۇنيا ئىجتىمائىيىتىنىڭ سوقۇلۇش ئىنېرتسىيىسى ۋە سۈركىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەردىن ئالىملار، سىياسىيونلار ۋە



# ئائىلە يېرىم ۋەتەن

ئادىل ئابدۇقادىر

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەۋر چاقى ئايلىنىپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، ئىنسانلار تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ كرىزىس، ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل كرىزىس ۋە بەختسىزلىكلەر ئىچىدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، ئەيدىز كېسەللىكىگە ئوخشاش ساقايماس كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىك يامرىشى، دۇنيادىكى باي ـ نامراتلىق پەرقىنىڭ زورىيىپ كېتىشى، ئۇرۇش ئاپىتى قاتارلىقلار ئىنسانلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۆز خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى خاتالىقلىرى ۋە سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى ھەم «دۇنيا مۇھىت قوغداش جەمئىيىتى»، «خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتى»، «كيوتو كېلىشىمى»، «خەلقئارا يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەش ئەھدىنامىسى» دېگەندەك ھەر خىل ناملاردىكى خەلقئارا جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ ۋە شەرتنامە ـ كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، كىشىلەرنى دۇنيانى ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل خەلقئارالىق چاقىرىقلار دۇنيادا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئويناپ، دۇنيا خەلقى ئەمەلىيەتتىن مۇنۇ خىل كرىزىسلەرنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى جەھەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئىنسانلار بۈگۈنكى دەۋردە دۇچ كېلىۋاتقان بۇ كرىزىس ۋە ئاپەتلەر ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى خاتا ئورۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

بىزدىن بىرقانچە ئەۋلاد بۇرۇن ياشىغانلار «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشقا باشلىغاندا، بەلكىم بىز بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان «دېڭىز تاشقىنى»، «جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇش خەۋپى»گە ئوخشاش رەھىمسىز مۇھىت كرىزىسلىرىنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئېينىشتېيىن ئەپەندىمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمان فاشىستلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو قورالنى ياسىشىغا ياردەم بەرگەندە، بەلكىم يادرو قوراللىرىنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىك تەھدىتكە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە بۈگۈنكى ئامېرىكا زوراۋانلىقىنى ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن بولۇشى مۇقەررەر.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلى ئوخشىمىغان كرىزىسلار داۋاملىشىپ كەلدى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئۆلچىگۈسىز بەدەللەرنى تۆلىدى. ئەمما كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت ياراتقاندا ھەمىشە يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان كرىزىسنى باشلاپ قويىدۇ. يەنى، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەر بەدەل تۆلەپ كەلدى. بۇ ھۆكۈم بەلكىم پۈت تىرەپ تۇرالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما كرىزىسنىڭ

دەۋرىيلىكىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى بىز ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. شۇڭا، بىز ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى ئۆزىمىز دۇچ كېلىۋاتقان كرىزىسلەرگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىز يانىلقلار ئۈچۈن باشلاپ قويۇۋاتقان كرىزىسلەر ئۈستىدە ئويلىنىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت چىقىرىشىمىز زۆرۈر. بىز شۇندىلا ئۆزىمىزگىمۇ ۋە كېيىنكىلەرگىمۇ يۈز كېلەلەيمىز.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ دەۋرىمىز قايسى كرىزىسلەرگە ھامىلە؟ بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. ئەمما مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىدىكى ئائىلە قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ يوقىلىشى، نىكاھ ئەقىدىسىنىڭ يېمىرىلىشى، ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىسىنى بارغانچە يوقىلىشى ۋە ئائىلىنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىقلار بەلكىم، بىزدىن كېيىنكىلەرگە قالدىغان بىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىت كرىزىسى، يادرو كرىزىسى، ئېيدىز كېسەللىكىنىڭ يامرىشىدىنمۇ ئېغىر ئاپەتلىك بىر ئىجتىمائىي كرىزىسنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتنى سۆزلەشكە توپتوغرا كېتىدىغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، يېقىردىكى نوپۇز تامراتلىقى تۈپەيلى بۇ قاراش بەلكىم جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىگە بىر خىل ئۇرۇنسىز تەھدىتتەك ياكى چاقچاقتەك تۇيۇلۇشى مۇقەررەر. مۇبادا، ھەقىقەتەن شۇنداق قارايدىغانلار بولسا، بەلكىم تۆۋەندىكى قىستۇرما ئۇلارنىڭ قارىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. «شىنجاڭ گېزىتى» 2005 ـ يىل 15 ـ نويابىر سانىنىڭ 4 ـ بېتىگە «نەيچىدە يېتىشتۈرۈلگەنلەر ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدىمەكتە» سەرلەۋھىلىك بىر خەۋەر بېسىلغان بولۇپ، خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «نەيچەبوۋاق تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن تۇغماس ئەر ـ ئاياللارغا بەخت ئەكەلدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن مەسىلىمۇ پەيدا بولۇپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. بىرىنچىدىن، كۆپىكىزەك تۇغۇش ھادىسىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، چوڭ ياشلىق ھامىلدار ئاياللار كۆپەيدى. دوختۇرلار نەيچە بوۋاق مەشغۇلاتىدا قائىدىدىكىگە بويسۇنماي، زىيادە كۆپ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى ئانا تېنىگە كۆچۈردى. ئىككىنچىدىن، جىنسداشۋازلار كۆپىيىپ كەتتى. جىنسداشۋازلارمۇ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن، نەيچە بوۋاق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ بالىلىق بولدى. ئامېرىكىدا ھەر يىلى 40 مىڭ ئايال نەيچە بوۋاق تۇغىدۇ. نەيچە بوۋاقلارغا كېرەكلىك ئۇرۇق ئادەتتە ئۇرۇق ئامبىرىدىن ئېلىنىدۇ...»

بۇ خەۋەرنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ھەر بىر ئوقۇرمىنى كۆرگەن بولۇشى مۇقەررەر. بۇ خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىلەردە قانداق ئىنكاس تۇغۇلدى، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما يېقىر سەل مۇتەئەسسىپ بولسام كېرەك، بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر ھازاغىچە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم ھەم «يەر شارىلىشىش» تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۈچۈر، تېخنىكىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك ئومۇملىشىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن تېزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، مۇبادا بۇ تېخنىكا يەر شارى بويىچە ئومۇملاشسا نېمە بولۇپكېتەر، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقتۇم. نەيچە بوۋاق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى بىئولوگىيە تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى چاغدا بىئولوگىيە تەتقىقاتىدىكى بۆسۈش دەپ تەرىپلىنىپ، دۇنيادا خېلىلا زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ تېخنىكىنىڭ ئىنسانلارنىڭ بالىلىق بولۇشى ئۈچۈن ئائىلە قۇرۇپ، نورمال ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىمۇ پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى كىم ئويلىغان. بۇ تېخنىكا ئەينى چاغدا ئەقىللەرنى لال قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈگۈنگىچە راۋاجلىنىپ كېلىشىگە سەۋەب بولۇپكېلىۋاتقان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەددەس مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەبىئىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئەمدى بىز ئامېرىكىدىكى ھەر يىلى 40 مىڭ ئايالنىڭ نەيچە بوۋاق تۇغۇشىدەك پاكىت ئاساسىدا يۈرەكلىك بىلەن شۇ نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: مۇبادا بۇ تېخنىكا دۇنيا بويىچە ئومۇملىشىپ، دۇنيادىكى بالىلىق بولۇش ئىقتىدارى يوقلارلا ئەمەس، بالىلىق بولۇش ئىقتىدارى بارلارمۇ نەيچە بوۋاق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ بالىلىق بولۇشقا باشلىسا، بالىلىق بولۇش نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ نەزەرىدىكى مۇقەددەسلىكى ۋە قىممىتىنى يوقاتسا، دۇنيا نېمە بولۇپكېتەر؟ بۇ خىل رېئاللىق ۋە تەسەۋۋۇر ئالدىدا بىز ئائىلە، نىكاھ مۇقەددەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى زۆرۈر رولى، شۇنداقلا بىز نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا دۇچ كېلىۋاتقان ئائىلە كرىزىسى توغرىسىدا ئويلانماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئائىلە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىياتى ۋە راۋاجىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىزدىن بۇرۇن ياشاپ ئىنسانىيەت تارىخىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن، بىز نامىنى بىلىدىغان مەشھۇر شەخسلەردىن تارتىپ بىزگىچە ھەر بىرىمىزنىڭ بىردىن ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان رېئاللىق بۇ بىر نۇقتىنى يېتەرلىك دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئائىلىدە ئۆسۈپ يەنە ئائىلە قۇرۇپ، ھاياتنى مۇشۇ لىنىيە بويىچە داۋام ئېتىمىز. جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قارىماققا باشقا جانلىقلارنىڭ جۈپلىشىپ كۆپىيىشىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئاددىي بىر جەرياندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئائىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى، باشقا جانلىقلارنىڭ جۈپلىشىپ كۆپىيىشىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بىر ئىجتىمائىي جەريان بولۇپ، ئائىلە ئالدى بىلەن ئىنسانلاردىكى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەنمەيدىغان بىئولوگىيىلىك كۆپىيىش جەريانىنى ئاددىي، ۋاقىتلىق بىئولوگىيىلىك جەرياندىن مۇكەممەل، سىستېمىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىغا ئايلاندۇردى ۋە ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا جانلىقلاردىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي توپ سۈپىتىدىكى مەۋجۇدلۇقى ۋە پائالىيىتى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان تىل ئىقتىدارى ۋە ئاڭلىقلىقىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنى ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىدىغان ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ راۋاجىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئائىلە ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەنمەيدىغان تۇراقسىز بىئولوگىيىلىك كۆپىيىش جەريانىنى ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان مۇكەممەل سىجىل قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن باشقا مۈلۈك مىراسلىق مۇناسىۋىتى، ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئائىلىدىن ھالقىپ ئۇرۇق، جەمەت، مىللەت، ئىرق ۋە دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس سالدى. بىز ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇكەممەل ئائىلە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئائىلىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شۇنداقلا بۈگۈنكى جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى مەنپەئەت، ھوقۇق ۋە بەختىيارلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنى ئائىلە تۇرمۇشى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ ماكرولۇق كۆرۈنۈشى



# ئايالار قىسمىتى

روشەنگۈل ئەلى

ئايال!
سەن ۋاپاغا لىق تولغان دۇنيا.
بىۋاپا... دەپ ئاتىشار لېكىن،
سېنىڭ بىلەن شاد بوپ كۈلگەنلەر.
شۇڭا ئۇزاق ئەسىر ـ ئېرادىن،
ئىنتىقامسىز!
دەپ ئاتالغان ئۇلار.
ئايال!
سەن پەرىشتە نۇردا يۇيۇنغان،
بىراق ـ نامىڭ
شەيتان!
ئېزىتقۇ!
ئۇلار...
شۇ نۇر كەبى سۈتۈڭنى ئېمىپ،
ساغرىسىنىڭ تېرىسى بىلەن
قىزىل رەڭلىك يۈزىنى يېپىپ،
گۇناھلارغا قات ـ قات بوغۇلغان،
ئايال!
سەن بىر ئوكيان ئاچچىق سۈيى بار،
ئەلەم بىلەن تۆككەن كۆز يېشىڭ
ئۈچ ئوكياننى قىلغان نەۋەللۇت.
ئايالانماقتا ئۆكسۈپ،
ئۇھسىنىپ،
يەتتە قىتئە قوشۇلغان دۇنيا.
ئايال!
سېنى شۇنداق يارائقان خۇدا،
ھەر بىر كىلىتكا ـ ھۈجەيرىلىرىڭ
ياشقىلارنىڭ جېنىغا پىدا!
ئازازۇلنىڭ دوستى ئاتىلىپ،
ئادەملەرنىڭ گۇناھى بىلەن
بۇلغانغان ساپ،
غۇبارسىز ھاۋا!
ئايال!
كۆزۈڭدە بار قىيامەت ـ توپان.
ئۆزۈڭ يەنە توھنىڭ كېمىسى ـ
نەگرى بىلەن سۆھبەتتە بولغان.
..........
زەيتۇن شېخى چىشلىگەچ كەپتەر،
سايرىيالماي دېمى بوغۇلغان.

---

ئاپتور: ئانۇش شەھەر كانتايلاق يېزا قۇدۇق كەنتىدە، دېھقان

## شېئىرىيەت مۇنبىرى



# ئاپچىش كۆلكىلەر

## رەھىمسىز رېئاللىق

بىر دادا مەلۇم شىركەتتە ئىشلەيدىغان يېقىن دوستىنى يوقلاپ بارغىنىدا، ئۇلار ئارىسىدا مۇنداق پاراڭ بولۇپ ئۆتتى:

ـ سىز ھازىرمۇ بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن لىدىرىمۇ؟

ـ شۇنداق. بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

ـ ئوغلۇم يېقىندا ئوقۇش پۈتكۈزگەنىدى، ئۇنى ئاز ـ تولا چېنىقىپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تەجرىبە توپلىغاچ، ئىككى ـ ئۈچ تەڭگىگە ئىشلىسۇنمىكىن، دېۋىدىم.

ـ ئەگەر خالىسىڭىز، ياردەمگە مەن تەييار.

ـ خالىمامدىغان، مەن ئۇنىڭ ئىشنى كىچىكىدىن باشلىشىنى، ئەمگەك ۋە پۇل ھەققىدە توغرا كۆز قاراش تىكلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ـ ياخشى گەپكەن، ئۇنداقتا، ئۇ باش دىرېكتور بولسۇنمىكىن. نېمىشقا دېسىڭىز، باش دىرېكتورنىڭ بىرەر كونكرېت ئىشقا مەسئۇل بولۇشى بىھاجەت. پەقەت چاقىرغان يىغىندا يېنىمغا كېلىپ، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىپ بەرسىلا بولىدۇ. ئايلىق مائاشى 80 مىڭ يۈەن (كىسپىنىڭ پۇل بىرلىكى ـ مۇھەررىردىن)، مۇكاپاتى بار، شىركەت يەنە بەزى كۈندىلىك خىراجەتلىرىنى ئاتچوت قىلىدۇ. سىزچە بولامدىكەن؟

ـ بۇ... بولمىغۇدەك. قاراڭ، بۇ يەردە بەك جىق پۇلنىڭ گېپى باركەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىپە دەرىجىسىمۇ بەك يۇقىرىكەن. باشقا خىزمەت تېپىلماسمۇ؟

ـ ئۇنداقتا، تۆر باشقۇرغۇچى بولسۇن. قىلىدىغىنى پەقەت تۆۋەندىكىلەرنىڭ دوكلاتلىرىنى تەستىقلاش ھەم بەزى ئۇششاق ـ تۈششەك ئىشلاردىن ئىبارەت. ئايلىقى 50 مىڭ يۈەن. مۇكاپاتى بار، يەنە تاماق، ئىچىملىك، كاماندىروپكا، ساياھەت تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ.

ـ بۇغۇ بولىدىكەن، ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقانلارغا ماس كېلىدىغان تۆۋەنرەك ۋەزىپە چىقماسمۇ؟

ـ ئۇنداقتا، بۆلۈم دىرېكتورى بولسۇنمىكىن. كۈندە قىلىدىغان ئىشى: ھەر كۈنى قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈش، نۇتۇق سۆزلەش. ئايلىقى 38 مىڭ يۈەن، مۇكاپات پۇلى ۋە كاماندىروپكا راسخوتى بېرىلىدۇ. يەنە دەم ئالغاندىمۇ مائاش بېرىلىدۇ.

ـ ھەي ي ... تېخىمۇ تۆۋەن قاتلاملىقراق خىزمەت چىققان بولسا...

ـ ئەمسە، تۆر مەسئۇلى ياكى مەسئۇل ئانالىزچى، مالىيە ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولسۇنمىكىن. ئايلىقى 32 مىڭ يۈەن، مۇكاپاتىمۇ بار تېخى. قىلىدىغان ئىشىمۇ ناھايىتى ئاددىي: ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تېلېفون بېرىش، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان خېرىدارلار بىلەن ئاندا ـ ساندا پاراڭلىشىپ قويۇش دېگەندەك.

ـ بۇمۇ مۇۋاپىق كەلمىگۈدەك. مەن ئۇنى كۆپرەك بىر نەرسە ئۆگىنىپ، ئەمگەكنى قەدىرلەشنى بىلىۋالسىكەن، دېمەكچىدىم. يەنە باشقىچىرەك خىزمەت تېپىلماسمۇ؟

ـ مۇنداق دەڭ. ئۇنداقتا، ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، مۇدىرنىڭ قول ئاستىدىكى ئانالىز خادىملىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىش دېگەندەك خىزمەتلەرگە ياردەملەشسۇن. ئايلىقى 22 مىڭ يۈەن، ئىش ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 9دىن كەچ سائەت 5 كىچە بولىدۇ. بۇ خىزمەتقۇ يارىغاندۇ؟

## قىرتاق پاراڭلار

ـ تېمە دېسەم بولار ئەمدى. تېخىمۇ كونكرېتراق خىزمەت بولغان بولسا...

ـ بۇنىمۇ خۇپ كۆرمىسىڭىز، ئۇنداقتا پەقەت قورۇلۇش خادىمى ياكى بوغالتىرلىقلا قالدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەت خادىملاردىن پۇل ـ مۇئامىلە ۋە لايىھىلەشكە ئائىت تۇرغۇن بىلىم بولۇشنى، كۈنبويى دىرېكتور، تۈر مەسئۇلى ۋە خېرىدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئايرىم ھەق بېرىلمەيدۇ. نەتىجە تولىراق باشقىلارغا مەنسۇپ بوپقالىدۇ. مائاشى ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 8500 پېسو بولۇپ، كۈنلۈكى 12 ـ 13 سائەتتەك كۆيۈپ ـ پىشىپ ئىشلەيدۇ. تاماق ۋاقتى ئاران يېرىم سائەت بولۇپ، ھەر كۈنى بەزى خىزمەتلەرنى ئۆيگە ئەكېتىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ـ ھە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ راھەتتىن جاپاسى كۆپ خىزمەتكەن، ئوغلۇم بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن ئاز ـ تولا بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغۇدەك. ئۇنى مۇشۇ ئىشقا قويالارسىزمۇ؟

ـ بۇ مۇمكىن ئەمەس! بۇ ئىشنى قىلىدىغانلار ھېچبولمىغاندا ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ھەمدە خىزمەتكە ئالاقىدار مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان بولۇشى شەرت!

---

نى مىڭ قەلەمدىكى بۇ فېليەتون «ئوقۇرمەنلەر يېتەكچىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 5 ـ سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 7 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئەزىز تۇردى ئاقھون** تەرجىمىسى (تەرجىمان خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى).

## ئاجايىپ كەچۈرمىش

مەن ئوغلۇمدىن تۇپتوغرا 30 ياش چوڭ، دەل مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە كەچۈرمىشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي:

1969 ـ يىلى مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغلاردا باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ئىنقىلاب»قا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى. ئالايلۇق، مەن ئوقۇشقا كىرىپلا «ئىنقىلابىي كىچىك قوغدىغۇچى» دەپ ئاتالدىم. دەرسكە قاتنىششىم ياكى تاپشۇرۇق ئىشلىشىممۇ پۈتۈنلەي «ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆگىنىش» ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىدا قىلغان ئەمگىكى «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ھېسابلىناتتى. ئانچە ـ مۇنچە، بىرەر قېتىم كىنو كۆرسەك، «ئىنقىلابىي ئامما چوڭ ئەترەت ئىنقىلابىي كومىتېتىغا بېرىپ ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى كۆردى» دېيىشەتتى. دائىم جاقىرىلىپ تۇرىدىغان كوممۇنا ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئەمەلىيەتتە «ئىنقىلابىي دەككە» يىغىنى بولۇپ، ناۋادا بىرەر ئادەم يىغىنغا كېچىكىپ قالسا، سەھنىدىكى «ئىنقىلابىي رەھبەر» ئۇنىڭغا «ئىنقىلابنى مېھماندارچىلىققا ئوخشىتىۋالمايلى!» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى.

1999 ـ يىلى ئوغلۇم باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. شۇ يىلى بازاردا چوڭ ـ كىچىك كىتابخانا ۋە كىتاب بايىملىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» ناملىق سېرىق تاشلىق كىتابنىڭ بازىرى چىقىپ كەتتى. ئاڭلىشىمچە، بۇ كىتاب مەملىكەت بويىچە بىر نەچچە يۈز مىليون پارچە سېتىلىپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتتۇۋېدى، يەنە «ئىنقىلاب» تېمىسىدىكى «ئاشخانا ئىنقىلابى»، «ئورۇقلاش ئىنقىلابى»، «ئەتىگەنلىك تاماق ئىنقىلابى»، «مېھمانخانا ئىنقىلابى»... دېگەندەك بىر مۇنچە كىتاب مودا بولۇپلى تۇردى. شۇنىسى ئېنىقكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىنقىلاب»لار ئەينى ۋاقىتتىكى «ئىنقىلاب» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قان تۆكۈش ۋە قۇربان بېرىشتىن خالىي بولغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېھماندارچىلىققا بىر ئاز ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنقىلابتۇر.

1974 ـ يىلى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا دەل «كۇڭزى، لىن بياۋلارغا دەككە بېرىش» ھەرىكىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلىرىدا «كۇڭزى، لىن بياۋلارغا دەككە بېرىپ، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايلى!» دېگەندەك شوئارلار ھەر كۈنى ياڭراپ تۇراتتى. 2004 ـ يىلى ئوغلۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ بىر ئاي بولغاندا، شەھىرىمىزدە كۇڭزى تەۋەللۇتىنىڭ 2055 يىللىقى تەبرىكلىنىپ، زور داغدۇغا ئىچىدە «كۇڭزىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلدى. قىزىق يېرى، بۇ قېتىم «يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايلى» دېگەن سۆزنى ھېچكىم قايتا تىلغا ئالمىدى. ئەكسىچە، «تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوتلاقلارغا، ئورمانلارغا قايتۇرۇش»، «يېشىللىقنى ئاسراش» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا، كۈنلىرىم «تاغ يۆتكەپ ئازگال تىندۇرۇش» بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوغلۇم مەكتەپتىن قايتىۋېتىپ، بىرسىنىڭ تۆپتۈز سېمونت يولدا ئازگال كولاۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ.

مەن ئوقۇۋاتقاندا كۈنبويى ئويلايدىغىنىم «سوتسىيالىزم بىناسىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش» ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئوغلۇم تېلېۋىزوردىن دائىم «مەلۇم بىر بىنانىڭ نىشانلىق پارتلىتىش»نى كۆرۈۋاتىدۇ.

ئەينى يىللىرى «پىلان» دېگەن گەپنىڭ ئارقىسىدا «سۇيىقەست» دېگەن قالپاق بولغاچقا، «پىلان» تىلغا ئېلىنسىلا پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە «پىلان» ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولدى. «پىلان» لاشنى بىلمىگەنلەر بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايدۇ.

ئەينى يىللىرى مەن ئۆزۈمنى «ئىپىل ئادەم»لەردىن بولۇشقا قىستىغان. ئەمدىلىكتە بولسا ئوغلۇم مېنى ئۆزى ئۈچۈن بىر يۈرۈش «ئىپىل ئۆي» ئالدۇرۇشقا قىستاۋاتىدۇ. ئىلگىرى مەن «XX قورۇقى» دېگەننى ئاڭلىسىلا تەنلىرىم شۈركىنىپ كېتەتتى، ھازىر ئوغلۇم «XX قورۇقى»نىڭ ئېلانىنى كۆرسىلا ئولتۇرالماي قالىدۇ.

مەن ئەينى يىللىرى «ئۇششاق بۇرژۇئازىيە» (ئۇششاق مۈلۈكدارلار)غا تولۇپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتىم بىلەن دەككە بەرگەن. «بەش خىل قارا ئۇنسۇرلار»نى كۈرەشكە تارتىپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ «ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش»ىدىن ساقلانغان. بۈگۈنكى كۈندە بەلگىلىك «كاپىتال» (مۈلۈك)كە ئىگە بولغانلار قەھرىمان ھېسابلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز «بەش خىل قارا ئاشلىق»نى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە «ئۇششاق بۇرژۇئاز» (مۈلۈكدار)لارغا زوقلىنىدىكەن، دەپ ماختىلىسىز. بۇ خۇددى ئىشتاننى باشقا كىيگەندەك بىمەنىلىكتۇر.

---

جىن جۈن قەلەمدىكى بۇ فېليەتون ئەسلى «جىنەن ۋاقتى گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل 27 ـ ماي سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **مەمتىمىن مامۇت** تەرجىمىسى (تەرجىمان: يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى).

## ساپان سۆرەيدىغان كالا

كالا ئادەملەرنىڭ قۇلى بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ساپان سۆرەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ يەر ئاغدۇرۇپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشى بەدىلىگە ئېرىشكىنى بولسا، پەقەتلا يەم ـ خەشەك بوپتۇ. كۆپ چاغدا ئادەملەرنىڭ كالىغا بەرگەن مۇكاپاتى قامچا بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەملەردىن بىرسى «بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغاپ» كالىنى ئازاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن

بەھرىمەن قىلماقچى بوپتۇ.

بۇ كۈنى كالا ئېغىلدا تۇرۇپ ئاۋۋالقىدەكلا خوجايىنىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئىشلىتىشىنى كۈتۈپتۇ. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، خوجايىن يەنىلا كەلمەپتۇ، كالا بولسا ناھايىتى بىتاقەت بوپكېتىپتۇ.

خوجايىن ئاخىرى كەپتۇ ۋە كالىغا مۇنداق دەپتۇ: «سەن ئاللىقاچان باغلاقتىن بوشىنىپ ئەركىنلىككە چىقتىڭ». كالا مىدىرلىماستىن تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ: «سەن ئەركىنلىككە چىقتىڭ، ئەمدى خالىغىنىڭنى قىلساڭ بولىدۇ». كالا يەنىلا ئاۋۋالقىدەكلا تۇرۇۋېرىپتۇ. خوجايىن قامچىنى ئېلىپ كالىغا يېقىنلىشىپتۇ. كالا ئىگەم مېنى ئۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، قامچا يېيىشكە تەييارلىنىپتۇ. بىراق خوجايىن قامچىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. كالا قامچىنىڭ سۇنغان ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاپتۇ.

كالا ناھايىتى ھەيران بوپتۇ ھەم سەل ئالاقزادىلىككە چۈشۈپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭغا: «قارا، قامچىنى سۇندۇرۇۋەتتىم، ئەمدى سەن تولۇق ئەركىن بولدۇڭ» دەپتۇ. كالا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭغا: «ماڭ، كەت» دەپتۇ.

ـ نەگە بارىمەن؟ ـ دەپتۇ كالا.

ـ خالىغان يېرىڭگە بار، خالىغان ئىشىڭنى قىل ـ خۇددى بىز ئادەملەر خالىغىنىمىزنى قىلغاندەك، سەنمۇ خالىغىنىڭنى قىلساڭ بولىدۇ، ـ دەپتۇ خوجايىن.

ـ ھېچ ئىشقا يارىمايمەن، ـ دەپتۇ ـ دە كالا سەل تۇرۇۋېلىپ، ـ مەن پەقەت يەر ئاغدۇرۇشقىلا يارايمەن، ـ دەپتۇ ئاخىر.

خوجايىن بېشىنى چايقاپ ئۈندىمەپتۇ. ئاخىرى كالىنى ئېغىلدا ئېلىپ قالالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كالا بېشىنى سىلىپ قايتىپ كەپتۇ.

ـ مەن يەنىلا مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەي، بولامدۇ، ـ دەپتۇ ئۇ خوجايىنغا يالۋۇرۇپ.

ـ سەن يەنىلا مەن بىلەن بىللە ياشىماقچىمۇ؟ ـ دەپتۇ خوجايىن.

ـ سەندىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىكەنمەن، ـ دەپتۇ كالا بېشىنى لىڭشىتىپ.

ـ ئۆزۈڭ خالىساڭ مەيلى، ـ دەپتۇ خوجايىن.

ـ ئەلۋەتتە خالايمەن، ـ دەپتۇ كالا مەمنۇنلۇق بىلەن.

ـ مۇنداق قىلايلى، نەگە بارغۇڭ بار، خالىغان يېرىڭگە ئاپىراي، ـ دەپتۇ خوجايىن سەل ئويلانغاندىن كېيىن.

كالا ئويلىنىپ تۇرماستىنلا: «ئېتىزغا» دەپتۇ.

ـ نېمىشقا؟ ـ دەپ سوراپتۇ خوجايىن.

ـ يەر ئاغدۇرغىلى، ـ دەپتۇ كالا.

ـ بولدى، بەس، ئەمدى ئۆزۈمگە تايىنىپ يەر ئاغدۇرىمەن، ـ دەپتۇ خوجايىن.

خوجايىن ئاخىر كالىنى يېتىلەپ ئېتىزلىققا بېرىپ، ئۇنى توختىتىپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز يەر ئاغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. كالا بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى بىئارام بوپكېتىپتۇ. كالىنىڭ كۆزىگە ساپان سۆرەۋاتقان خوجايىن تولىمۇ قىينىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ. كالا ئورۇق بولۇپ، خوجايىنمۇ ئۆزىدەك ئورۇق ئىكەن. كېيىن بەختكە يارىشا، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ساپاننى يەنىلا كالا سۆرەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالىنىڭ يەنىلا ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەنلەر بىردەك ماختىشىپتۇ.

خوجايىن يېڭىدىن بىر قامچا ياساپ، كالىنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ. كالا بىردەمدىلا تاياق زەربىسىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. خوجايىن قايتىدىن كالىغا ئېغىر ساپاننى قېتىپ، «چۇھ! چۇھ!» دەپ توۋلاپ يەر ئاغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. كالا بۇ ئاۋازنى ناھايىتى يېقىملىق ھېس قىلىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن «مۆ! مۆ!» دەپ مۆرىگىنىچە خۇشاللىق بىلەن ساپان تارتىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئەجەبمۇ كۆڭۈللۈكمىدەك بولدى ـ ھە!

شۇ تاپتا كالا بۈگۈن كۈننىڭ تولىمۇ پارلاپ چىقىپ، ئۆزىگە چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەم ئىللىقلىق ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

---

خۇيەن قەلەمىدىكى بۇ فېلىيەتون شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيا خەنزۇ مىكرو ھېكايىلىرىدىن تاللانما» (2000 ـ ، 2001 ـ يىللىق)دىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل فېۋرال (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى (تەرجىمان: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا سېرىقتۈي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى).

## قەغەز قوراللار دەۋرى

يېڭى 60 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈش تېخنىكىسى ناھايىتى ۋايىغا يېتىپ، ئارخېئولوگىيە يەر شارىدىكى ئەڭ جەلپكار خىزمەتكە ئايلاندى. ياش ئارخېئولوگلار جەنۇبىي قۇتۇپتىن بىر جەسەتنى قېزىۋېلىپ، بۇنىڭ كونا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئۆلگەن كىشىنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى، بۇ دەۋرنىڭ كونا ئىنسانلار باسقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

ئالىملار بۇ كىشىنى جەسەت تىرىلدۈرۈش تېخنىكىسى بىلەن «تىرىلدۈرۈپ» چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئارخېئولوگلار ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

ـ سىز ياشىغان دەۋردە كىشىلەر ئاساسەن نېمە ئىش قىلاتتى؟

ـ پۇل تاپاتتى.

ـ نېمە ئۇ «پۇل» دېگەن؟

ـ بىر خىل ئالاھىدە قەغەز.

ـ پۇل تېپىشتىن باشقىچۇ؟

ـ دىپلومغا چېپىشاتتى.

ـ «دىپلوم» دېگەن نېمە ئۇ؟

ـ بىر خىل ئالاھىدە قەغەز.

ـ كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولاتتى؟

ـ كىملىككە.

ـ قانداق نەرسە ئۇ «كىملىك» دېگەن؟

ـ بىر خىل ئالاھىدە قەغەز.

ـ يەنىچۇ؟

ـ نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، ئۇنۋان كىنىشكىسى...

ـ قانداق نەرسىلەر ئۇ؟

ـ ھەممىسى ئالاھىدە قەغەزلەر.

سوئال سوراش توختىدى. ئارخېئولوگلار بۇ قەدىمكى جەسەت ياشىغان دەۋرنى «قەغەز قوراللار» دەۋرى دەپ ئاتاپ، «يېڭى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى» دېگەن نېمدا ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىسى يېزىپ چىقتى. ماقالىدا: قەغەز قوراللار دەۋرى كونا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بولۇپ، قەغەز كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر مەيدان ئاپەت كونا ئىنسانلارنى يەر شارىدىن يوق قىلغاندىن كېيىن، بىز يېڭى ئىنسانلار پەيدا بولغان، دېگەن نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

لەن شۇ قەلەمىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلى «ياشلار ماقالىلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 16 ـ يانۋار سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل ئۆكتەبىر سانىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ** تەرجىمىسى (تەرجىمان: ج ك پ قاراقاش ناھىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى)



# تەرەققىياتنىڭ ھارام تۇغقۇندىلىرى

(چاتما فېلېتون)

ت. ئى. تايماس

شۈبھىسىزكى، تەرەققىيات بىر مەڭگۈلۈك تۇغقۇم تىبما. تۇغقۇم بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەركەك ـ چىشىسى بولۇش كېرەك. بولمىسا ئەۋلاد قالدۇرالمايدۇ ـ دە، مەڭگۈلۈك دېگىنى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن تەبىئىيلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، گەرچە تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان كاتتا سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولۇش شەرپىگە لايىق بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئەركەك ـ چىشىلىقتىن خالىي ئەمەس. ئەركەك ـ چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل جىنس مەۋجۇد يەردە چوقۇم تۇغقۇمنىڭمۇ بىللە مەۋجۇد بولۇشى، شۇنداقلا تۇغقۇم مەۋجۇد يەردە بەزى تۇغقۇندىلارنىڭ ئەركەك، يەزىلىرىنىڭ چىشى تۇغۇلۇشى، ھەتتا بەزى تۇغقۇندىلارنىڭ ھارامدىن تۇغۇلۇپ قېلىشى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي بىر ئىش.

ئەمدى قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ئاشۇ تەرەققىياتنىڭ بۈگۈنكى باسقۇچتىكى بەزى ھارام تۇغقۇندىلىرىغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ باقايلى:

1

ئۆيىمىزدە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان چاشقانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان چاشقان دورىسىغا تايىنىپ كەلگەنىدۇق. ئېپسۇسكى، «ھاپىتىغا شاپىتى، توگرىلىقا مەرەزدار» يارالىقانغا ئوخشاش، مىينەت ئۇغرى چاشقانلارغا زەھەرلىك دورا يارىشىمۇ، ئەيتاۋۇر دورىنى قانچە كۆپ ئىشلەتكەنسېرى چاشقانلارمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، چاشقان يوقىتىشتا ھەممە

ئادەملىك بىرلا خىل ئۇسۇلغا تايىنىۋېلىشى نەتىجىسىدە مۈشۈك بولمىغاي، مۈشۈك، كەپتەر، پاختەك، پاقا، ھۆپۈپ، قۇشقاچ ... قاتارلىق پايدىلىق جانىۋارلار ئۆلۈپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا نەسلى قۇرۇشقا يۈزلەندى. بۇ ئەمەلىيەت ئالدىدا نىيەت قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، چارە ـ ئۇسۇل توغرا بولمىسا، نەتىجىنىڭ كۆڭۈلدە كۈتكەننىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، چاشقان يوقىتىشىمۇ يەنىلا ئەلمىساقتىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي ئۇسۇلغا، يەنى مۈشۈكلەرگە تايىنىش ئۈچۈن ئاسلاندىن بىر جۈپ سېتىۋالدۇق.

ئاسلانلار تېخى كىچىك بولغاچقا، چاشقان تۇتالمايتتى. شۇڭا تاختا مۈشۈكتىنمۇ بىر نەچچىنى ئېلىپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا قۇرۇپ قويدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ھەددىدىن ئاشقان ئوغرى چاشقانلارنىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئەدىپىنى بەرگىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسلانلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوزۇقلۇقىنى يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولاتتى.

ئارىدىن تۆت ـ بەش ئاي ئۆتۈپ، ئاسلانلامۇ خېلى چوڭ بوپقالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە چاشقان تۇتۇپ يەيدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى. بىر كۈنى بىر تاختا مۈشۈككە ئادەتتىكىدىن يوغان بىر چاشقان چۈشۈپ قاپتۇ. تاختا مۈشۈك چاشقاننىڭ قۇيرۇقى بىلەن قوشۇپ بىر پۇتىنى قىسىۋالغاچقا، چاشقان تېخى ئۆلمىگەنىكەن، شۇ كەمگىچە تىرىك چاشقان تۇتۇپ باقمىغان ئاسلانلارغا ئۇۋۇ قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەپتۇ، دەپ ئويلاپ ھېلىقى چاشقاننى

تاختا مۇشۇك بىلەنلا ئاسلانلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەنىدىم، بىر ئاسلان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئالدى پۇتلىرى بىلەن چاشقاننى باسماقدىدى. بىراق مۇشۇكنى كۆرسە بەدەر قاچىدىغان ئەجدادلىرىغا قارىغاندا، يۈرىكى ئالاھىدە يوغىناپ، مۇشۇكلەرگە ھۇجۇم قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بۇ چاشقان بىر چىرقىراپلا ئاسلاننىڭ پۇتىنى چىشلىۋالدى. بەلكىم ئاسلاننىڭ پۇتى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتكەندۇ ياكى بۇنداق بولارىنى بىلمىگەچكە ھودۇقۇپ قالغاندۇ، ئىشقىلىپ بىچارە ئاسلان چاشقاننى تاشلاپ قاچتى. بۇنى كۆرۈپ ئىككىنچى ئاسلان ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، چاشقانغا تاشلاندى. ئەمما ھايال ئۆتمەيلا ئۇمۇ چاشقاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاچتى. چاشقان گەرچە غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ ئاسلانلارنى قوغلىماقچى بولسىمۇ، لېكىن بىر پۇتى بىلەن قۇيرۇقنى قىسىۋالغان تاختا مۇشۇك ئىمكان بەرمىگەچكە، ئامالسىز توختاپ قالدى.

مانا بۇ بۈگۈنكى تەرەققىياتنىڭ بىر ھارام تۇغۇندىسى. گەرچە گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە چاشقانلارنىڭ مۇشۇكلەرنى قوغلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل مىسلى كۆرۈلمىگەن «تەرەققىيات» تېخى تەشۋىق قىلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نۆۋەتتە ھەممە ئادەمگە ئايان بولغان ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بولدى. تېخىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئاۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاشقانلارنىڭ مۇشۇكلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل «تەرەققىيات»قا قانداق قارايسىز، دېگەن مەسىلە ئاۋازغا قويۇلۇپ قالسا، «تەبىئەت دۇنياسىدا كۈچلۈكلەر تاللىنىدۇ، ئاجىزلار شاللىنىدۇ» دېگەن قانۇنىيەتكە نوقۇل رىقابەت نۇقتىسىدىن قارايدىغانلاردىن (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) چاشقانلارنى قوللايدىغانلارنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىدە گەپ يوق. چۈنكى نۆۋەتتىكى رېئاللىقتا مۇشۇكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئەكسىچە، چاشقانلارنىڭ بارغانچە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

چاشقانلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇشۇكلەرنى قورقۇتۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشى گەرچە ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن «تەرەققىيات» ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقاتنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدىغان ۋە ھەتتا ئۆز ـ ئۆزىدىنمۇ بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ «تەرەققىيات»ى ئالدىدا تېخى ھېچگەپ ئەمەس. شۇڭلاشقا ئەمدى ئىنسانلار ئارىسىدىكى «تەرەققىيات»قا قاراپ باقايلى.

2

ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەرەققىيات شۇ قەدەر كۆپ ۋە شۇ قەدەر مىلسىزكى، ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ تۈگىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار تارىخىنى تەرەققىيات تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىز ئۇنى تارىخچىلار بىلەن سىياسىيونلارغا قالدۇرۇپ، ژانىر چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بۇ ئىخچام يازمىمىزدا پەقەت «تەرەققىيات»نىڭ نۆۋەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر نەچچە ۋارىيانتىنىلا مىسال قىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز:

ئىنسان بوۋاق بولۇپ تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئانا مېھرىگە موھتاج بولىدۇ. ئانا ئۇنىڭغا ئاق سۈت بېرىش بىلەن بىرگە بەزىدە قۇچىقىدا، بەزىدە زاكىدا ۋە بەزىدە بۆشۈكتە ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي ئادەت. ئەمما يېقىندا بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەلمىساقتىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ تەبىئىي ئادەتكە جەڭ ئېلان قىلغان بىر ئەقىللىق بوۋاقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بوۋاق گەرچە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا بولسىمۇ، ئانا سۈتىنى ئەمەس، سۈت پاراشوكىغا قايناقسۇ قۇيۇپ تەڭشەلگەن سۈنئىي سۈتنى ئېمىپ بولغاندىن كېيىن، بىر خىل رىتىمدا خىرىلداپ زادىلا ياتقىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئادىتىنى ئوبدان بىلىدىغان ئانا: «ئەمدى بۆشۈككە كىرىمەن، دەيدۇ» دېگىنىچە بېرىپ، بوۋاقنى بۆشۈككە ئاپتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بوۋاق بۆشۈككە كىرىپلا ئۆزىنى ئۆزى ئەللەي ئېيتىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ئەللىيىنى تەجرىبىلىك ئانىلار ئېيتقان ئەللەي ناخشىسى بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئانا ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىنىڭ بىر ئۆزلەشتۈرۈلمىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى.

ئانىلارنىڭ بوۋاقلارنى ئەللەيلىشىگە سېلىشتۇرغاندا، بوۋاقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەللەي ئېيتىشى نۆۋەتتىكى يەنە بىر «كاتتا تەرەققىيات» بولۇپ، بۇ خىل «تەرەققىيات» ھېچبولمىغاندا ئانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى ئۆزى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلايدىغان بوۋاقلار قانچە كۆپەيگەنسېرى ئانىلارنىڭ ئاۋارىچىلىقى شۇنچە ئازىيىدۇ. بۇ بەلكىم ئۆز بوۋاقلىرىنى كالا سۈتىدە ئىشلەنگەن پاراشوكلار بىلەن باقىدىغان ئانىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە كېرەك.

3

ئەمدى بوۋاقلىق يېشىدىن ھالقىپ، باللىق يېشىنى ياشاۋاتقان بىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن «تەرەققىيات»قا قاراپ باقايلى:

بىر كۈنى ئۇزاقتىن بۇيان دىدار كۆرۈشمىگەن چوڭ شەھەردىكى بىر تۇغقىنىمىز خوتۇن ـ بالىلىرىنى باشلاپ ئۆيىمىزگە كەپتۇ. بالىلارنىڭ ئارىسىدا بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىمۇ بولۇپ، زامانغا لايىق چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن ۋە گەپ ـ سۆزلىرى شۇنچە تاتلىق بۇ بالا كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. مېنىڭمۇ ئىچىم كۆيۈپ، داستىخاندىن ئۇنىڭغا گۈلە ـ قاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردىم. ئەمما كۆپلىگەن بالىدا بولىدىغان داستىخاندا نېمە بولمىسا شۇنىڭ غەلۋىسىنى قىلىدىغان ئادەت بۇ بالىدىمۇ بولغاچقا، داستىخانغا تىزىلغان ناز ـ نېمەتلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن: «چىلان يەيمەن، چىلان!» دەپ تۇرۇۋالدى.

ھويلىمىزدا ئەمدىلەتىن مېۋىگە كىرگەن ئىككى تۈپ چىلان كۆچىتى بولۇپ، بۇ يىل بەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىلانلار تېخى ئەمدىلەتىن چالاكوس بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئۈزۈپ ئەكىرىپ بېرەي دەپ سىرتقا ماڭسام، بالىمۇ ئەگىشىپ بىللە چىقتى ۋە: «ئۆزۈم ئۈزۈپ يەيمەن ...» دەپ تۇرۇۋالدى. مېھماننىڭ بالىسىغا قاتتىق گەپ قىلغىلى بولمىغاچقا، ئامالسىز ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇۋېتىپ، مېھمانلارنىڭ يېنىغا يېنىپ كىردىم. ئۇ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ

ئويندى. ھەر قېتىم كىرگەندە بىر سىقىم چىلاننى كۆتۈرۈپ كىرەتتى ۋە چاشقان غاجىغاندەك ھەر قېتىم چىلانلارنىڭ ئۈيمەر ـ بۈيمەرنى چالا ـ پۇلا غاجاپ تاشلاپ قويۇپلا يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئاتا ـ ئانىسى ھاي دېمىگەچكە، بىزنىڭ گەپ قىلىشىمىزمۇ ئەپسىز ئىدى. شۇڭا «ھەر قانچە بۇزسا بىر نەچچە كىلوگىرام چىلاننى بۇزار...» دەپ كارىمىز بولمىدى.

بىراق بىر ئىش بىلەن ھويلىغا چىقىپ، ھېلىقى بالىنىڭ كەكە كۆتۈرۈۋالغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. يېڭىدىن چاقىلانغان كەكە بەك ئىتتىك ئىدى. بىرەر يېرىنى كېسىۋالمىسۇن دەپ يېنىغا بېرىپ: «بالام، كەكنى ماڭا بېرىڭ، پۇتىڭىزنى كېسىۋالسىز» دېسەم، «ياق، پۇتۇمنى كەسمەيمەن، ماۋۇ چىلاننى كېسىمەن!» دېدى. چىلاننى نېمىشقا كېسىدىغانلىقىنى سوراپ بىلدىمكى، بويى يېتىدىغان شاختىكى چىلانلارنى پۇتاپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئېگىزرەك شاخلارغا بويى يەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىلان كۆچىتىنى كېسىپ يىقىتىپ، ئاندىن چىلانلارنى پۇتاش ئەقلىگە كەپتۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئالدىنقى بىر ئەۋلاد بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇنى بىر «كاتتا تەرەققىيات» دېمەي ئامال يوق. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى مۇھىتىدا چوڭ بولغان ئالدىنقى ئەۋلادلاردا مېۋىگە بويى يەتمىسە كۆچەتنى كېسىپ يىقىتىپ مېۋىسىنى پۇتاش تۈگۈل، ھەتتا داستىخانغا تىزىلغان تەييار مېۋىلەرنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز يېمەيدىغان ئادەت بار ئىدى. ناۋادا بۇ خىل ئادەت، بۇ خىل ئەخلاققا جەڭ ئېلان قىلىشنى «تەرەققىيات» دەپ تونۇيدىغان ئەۋلادلار داۋاملىق كۆپەيسە، ھايات ـ ماماتلىققا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىنچە تىلغا ئالمىغاندىمۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۈگۈن بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان مېۋىلەرنى تېتىپ بېقىش بەختىدىن مەھرۇم بولۇپ، پەقەت سۈرەتتىلا تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆرەلىشى مۇقەررەرلىشىپ قالىدۇ، خالاس.

4

بوۋاقلار ۋە بالىلاردىكى «تەرەققىيات» يۇقىرىقىدەك تېز بولۇۋاتقان يەردە، چوڭلارنىڭمۇ ئارقىدا قالغۇسى كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما باشتىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما بولغان تەرەققىياتنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرى ھەققىدە تولۇق توختىلىپ ئۆتۈش فېلىيەتون ژانىرى ئارقىلىق ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. پەقەت شۇنى قەيت قىلىش مۇمكىنكى، ئىنسانلارنىڭ ئۈچىسىغا كىيىم كىيىشنى بىلگىنىدىن باشلاپ، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش پەيدا بولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «تەرەققىيات»ى «بىر كەز ئۆرلىسە جاھالەت، ئون كەز ئۆرلەر ئادالەت» دېگەن ھېكمەتكە ئوڭ تاناسىپ ھالدا داۋام ئەتكەن بولسا، يارىتىلغۇچى تەرىپىدىن ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋلاد قالدۇرۇشى، شۇنداقلا بۇ دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق لەززەت ئورنىنى باسالمايدىغان ئەڭ كاتتا لەززەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان تېنىنى پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغاندىن باشلاپ، «تەرەققىيات»نىڭ ماھىيەت يۆنىلىشىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، «بىر كەز ئۆرلىسە ئادالەت، ئون كەز ئۆرلەر جاھالەت» دېگەن تەتۈر تاناسىپلىققا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگىلى تۇردى.

مەيلى ئوڭ تاناسىپتىكى ياكى تەتۈر تاناسىپتىكى تەرەققىيات بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ـ مەڭگۈ قانائەت قىلماسلىق، ئۆزلۈكسىز شەكىل ئۆزگەرتىش، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى يەنە شۇ تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ھالال ۋە ھارام تۇغۇندىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: تېنىنى، جۈملىدىن ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشنىڭ دەسلەپكى «تەرەققىيات مېۋىلىرى» سۆزنەك، سىفلىس قاتارلىقلار بولغان بولسا، كېيىنرەك ئۇ ئەيدىزگە تەرەققىي قىلدى. ئىدىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش دەسلەپتە ئەخلاقسىزلىق، پەسكەشلىك دەپ قارالغان بولسىمۇ، كېيىنرەك خۇسۇسىي ئىش دەپ قاراشقا؛ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا خۇددى زېمىن بايلىقى، كان بايلىقى دېگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان «قىز بايلىقى» دېگەن چىرايلىق ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىپ، ئىلگىرىكى ھەر كىم ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان پارچە تىجارەتتىن ئەمەلىيەتتە كەسپلەشكەن، كۆلەملەشكەن توپ تىجارەتكە تەرەققىي قىلدى. «تەرەققىي تاپقان دۆلەت» دەپ ئاتىلىۋاتقان دۆلەتلەردە شۇ ئىسىمغا يارىشا تېخىمۇ ئالاھىدە «تەرەققىيات»لار روياپقا چىقىپ، ئەر بىلەن ئەر، ئايال بىلەن ئايال مۇھەببەتلىشىدىغان «ھەمجىنسلار مۇھەببىتى» قانۇنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ئەمما بۇ تېخى «تەرەققىيات»نىڭ ئاخىرقى چېكى ئەمەس. تارىختىن مەلۇمكى، تەرەققىياتنىڭ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى بۈگۈنكى ئالاھىدە «تەرەققىيات»نىڭ مەھسۇلى بولغان «ھەمجىنسلار مۇھەببىتى»ئەتە كونا نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە باشقا «كاتتا تەرەققىيات»لار ئىگىلىشى مۇمكىن. بىر ھېسابتا ئاشۇ «كاتتا تەرەققىيات»لار ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاساس يارىلىپ بولدى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا پات ـ پات خەۋەر قىلىنىپ قالىدىغان بىر ئادەمدە ھەم ئەرلىك، ھەم ئاياللىق جىنسىنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇش ھادىسىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھازىرقى بىر جىنسلىق ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، مۇقەررەركى، ئىككى جىنسلىق ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر خىل «يېڭى تەرەققىيات» دېمەي ئامال يوق. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خىل «يېڭى تەرەققىيات» ئانچە ئۇزاققا بارمايلا يەنە بىر يېڭى تەرەققىياتنى تۇغۇشى مۇمكىن. ئەلمىساقتىن تارتىپ يات جىنسلار ئوتتۇرىسىدىلا مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەمجىنسلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇد بولۇشقا تەرەققىي قىلغان يەردە، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە يەنە قانداق كارامەتلەرنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس!

5

مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەرەققىيات بىر مەۋھۇم ئۇقۇم. 24 سائەتتىن تەركىب تاپقان بىر سوتكا، گەرچە ئۇقۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوخشاشلا ۋاقىتتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇنىڭ يېرىمى كۈندۈز، يېرىمى كېچە بولغىنىغا ئوخشاش، تەرەققىيات دېگەن بۇ مەۋھۇم ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىمۇ كونكرېت ئەھۋاللارغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، بىر بوۋاق تۇغۇلۇپ ئىككى يىلدا ئۆمىلىسە، تۆت يىلدا ماڭسا ۋە ئالتە يىلدا تىلى چىقسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل تەرەققىيات ھېسابلانسىمۇ، ئەمما تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدا ئۆمىلىگەن، بىر يىلدا ماڭغان ۋە ئىككى يىلدا تىلى چىققان يەنە بىر بوۋاق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسىنى

تەرەققىيات دېگىلى بولماي قالىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، سىلىشتۇرۇش ـ تەرەققىياتنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنى ئايرىيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى.

تەرەققىيات دېگەن بۇ ئىبارە «ئۇچقاندەك» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سىلىشتۇرۇشمۇ ئاجايىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يەنە مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، بىر بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا: «مەن مەكتەپتىكى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا ئىككىنچى بولدۇم» دېسە، ئاتا ـ ئانىسى بالىمىز مەكتەپ بويىچە ئىككىنچى بوپتۇ، دەپ خۇشھال بوپكېتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ناۋادا ئۇ بالا ئۆزىدىن باشقا پەقەت بىرلا بالا بىلەن مۇسابىقىغا چۈشكەن بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ دەرىجىگە ئېرىشىشنىڭ ئەكسىچە ئۆتتۇرۇپ قويغان بولىدۇ. بۇ يەردە نەتىجىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان سان يوشۇرۇلغان بولۇپ، بالىلار بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشنى بىلگەن يەردە، چوڭلارنىڭ تېخىمۇ يېڭى ۋە تېخىمۇ قالتىس ئۇسۇللارنى بىلىشىدە شەك يوق. بۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا، تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتىنى سۈپەت بەلگىلەيدىغان چاغدا سان بىلەن سىلىشتۇرۇش؛ ئەكسىچە، سان بەلگىلەيدىغان چاغدا سۈپەت بىلەن سىلىشتۇرۇش؛ ۋاقىتنى سۈرئەت بىلەن، ئەكسىچە، سۈرئەتنى بولسا يەنە باشقا نەرسىلەر بىلەن سىلىشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى بۈگۈنكى زاماننىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ستېرېئولۇق سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى دېيىش مۇمكىن.

ستېرېئولۇق سىلىشتۇرۇش ئادەمگە زامانىۋى سىلىشتۇرۇشتەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ سېزىملارنى ئېزىقتۇرىدىغان مۇرەككەپ سىلىشتۇرۇش بولغاچقا، دەل ۋە توغرا سىلىشتۇرۇش دېگىلى بولمايدۇ. دەل ۋە توغرا سىلىشتۇرۇش قىلچە پەردازلانمىغان بولۇشى، ئۆزئارا سىلىشتۇرۇلىدىغان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىشى شەرت. بۇ يەردە بىر ئەمەلىي مىسالنى كۆرۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ: «خەن دەۋرىدە 7945 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، تاڭ دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر مەنسەپدار، چىڭ دەۋرىدە 911 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن بولسا، ھازىر 30 پۇقراغا بىر مەنسەپدار توغرا كەلگەن» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 4 ـ سان 59 ـ بەت، «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى). مانا بۇنى دەل ۋە توغرا سىلىشتۇرۇش دېسە بولىدۇ. چۈنكى قىلچە پەردازلانمىغان بۇ سىلىشتۇرۇشنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر ساۋاتلىق ئادەم چوڭقۇر تارىخىدـ

كى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەنسەپدارلارنىڭ تەرەققىياتىنى بەش قولدەك ئېنىق چۈشىنىۋالالايدۇ.

تەرەققىيات باشتىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەڭگۈلۈك تېما بولۇش بىلەن بىرگە، ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى كۆرۈنۈشتىن تارتىپ تاكى ب د ت غىچە بولغان بارلىق تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسىدە دائىم دېگۈدەك تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان ۋە بىر بىنانىڭ پۈتۈپ چىقىشىدىن تارتىپ تاكى ئالەم كېمىسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا چىقىشىغىچە بولغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەكس ئېتىدىغان ئومۇمىي تېما بولغاچقا، ئۇنىڭ بارلىق ۋارىيانتلىرى توغرىلىق تولۇق توختىلىپ ئۆتۈش بەسى مۇشكۈل. ئەمما شۇنداق بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، بىنالار ئاسمانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ قانچە ئېگىزلىگەنسېرى، ئادىمىلىك تۆۋەنگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ شۇنچە پەسىيىپ ماڭدى؛ كىيىم ـ كېچەك، ھۆسن ـ چىرايلار قانچە گۈزەللەشكەنسېرى، قەلبلەر شۇنچە كىرلىشىپ كەتتى؛ تىل ـ يېزىق تەرەققىي قىلىپ «بۇغداي سۆز» قانچە كۆپەيگەنسېرى ئەمەلىيەتتە «بۇغداي نان» شۇنچە ئازىيىپ كەتتى؛ مېدىتسىنا تېخنىكىسى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، داۋاسى تېپىلمايدىغان يېڭى كېسەللىكلەر شۇنچە ئاپىرىدە بولۇشقا باشلىدى؛ قاتناش ۋە ئۈچۈر ئالاقىسى قانچە راۋان بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراقلاپ كەتتى؛ ئاۋات شەھەرلەر قانچە كۆپەيگەنسېرى، ئارقا كوچىلاردىكى ئەخلەت تاغلىرىمۇ شۇنچە كۆپەيدى؛ ئادەملەر قانچە بېيىغانسېرى، تەبىئەت ئانا شۇنچە نامراتلىشىپ كەتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتنىڭ ھارام تۇغۇندىلىرى بولۇپ، ئۇنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانلار قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتتى، دېيىش مۇمكىن. بۇ جەرياندا گەرچە ئۆزىنى ئىزدەش سادالىرىمۇ پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي خورىغا ئايلانغان بىر تەرەپلىمە ساداسى بېسىپ كەتتى.

بىر ئادەم ئېيتقان ناخشا قانچە يېقىملىق، قانچە مۇڭلۇق بولسىمۇ، ئومۇمىي خور ئورۇندىلىۋاتقان سەھنىدە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولماي قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەرەققىياتنى ھالال ـ ھارامنى ئايرىش ـ «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، پاكىز ئەقىدە ـ ئېتىقاد، سەگەك كاللا، ئومۇمىي ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان پىكىرنى مۇستەقىللىققا باغلىق (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).


---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۈتۈپخانىنىڭ پېنسيونېرى


## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەر كۈنى ـ قەرەللىسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# شەھەرلىكلەرگە يېتىشەلمىگۈدەكمىز

(فېلىيەتون)

مەمتىمىن ئابلىز

تەكلىماكاننىڭ گىرۋەكلىرىدە چوڭ بولغان بىزدەك قارا سەھرالىقلار ھەرقانچە باي بولساقمۇ شەھەرلىكلەرگە يېتىشەلمىگۈدەكمىز.

بىز نامراتلىقتا ئىشتىنىمىز تىزدىن ئاشماي يۈرگەن چاغلاردا شەھەرلىكلەر پۈتۈن كىيىنىپ، ھەممە يېرىنى دىگۈدەك يېپىپ يۈرەتتى. ئەمدى بىز پۈتۈن كىيىنىپ، ھەممە يېرىمىز يېپىلغاندەك ھالغا يەتكەندە شەھەرلىك خانىم - قىزلار تىزدىن ئاشمايدىغان تار ئىشتان، يوتىسىدىن ئاشمايدىغان تار يوپكا ۋە ياقىسى يوق چالا - پۇچۇق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، ئامالنىڭ بارىچە بەدىنىنى ئوچۇق قويۇشقا تىرىشىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بۇرۇن بىز زاغرا ناندىن قۇتۇلالماي چىرايىمىز تاتىرىپ يۈرگەندە شەھەرلىكلەر ئاق نان يەپ، چىرايىنى پارقىرىتىپ يۈرەتتى. ئەمدى بىز ئاق نان يەيدىغان بولغاندا، شەھەرلىكلەر ئاق ناندىن قېچىپ، زاغرىغا ئىنتىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىز بۇرۇن ئۆيلىرىمىزنى كاكۇل مۇۋاق قىلىپ ئولتۇرغاندا شەھەرلىكلەر ئۆيلىرىنى ھاكلاپ ئاقارتىپ، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى سىرلاپ ئولتۇراتتى. ئەمدى بىز ئۇلارغا يېتىشكىلى تۇرغاندا شەھەرلىك خانىم - قىزلار يۈز - كۆزلىرىنى ھەم تىرنىقىدىن چېچىنىڭ ئۇچىغىچە زامىسكىلاپ، ھاكلاپ، سىرلاپ يۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىز بۇرۇن ھاجەتتىن كېيىن ئەۋرىتىمىزنى چالمىدا سۈرتكەندە شەھەرلىكلەر قەغەز بىلەن سۈرتىدىغان ئىشنى تاپتى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىپ ئاران كۆنگەندە، ئۇلار ئەمدى شۇ قەغەز بىلەن ئاغزىنى سۈرتىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىز بۇرۇن ئۆيلىرىمىزنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلىپ سېلىپ ئولتۇرغاندا شەھەرلىكلەر قوشنا ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قاراپ «ئادەم قوشنا ئولتۇرسا قوشنىدارچىلىق مېھرى قانچە كۈچلۈك بولىدىغاندۇ» دەپ قالاتتۇق. ئەمدى بىز ئۆيلىرىمىزنى قوشنا قىلىپ زەنلىك سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇناق قوشنىدارچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزگەندە، شەھەرلىكلەر ئۆينى يانداش سېلىشتىن ھالقىپ، چاقماق قەنتەك ئۈستى - ئۈستىلەپ سالىدىغان، ئەمما قوشنىلىرى بىلەن بۇرۇنقىدەك قويۇق مۇناسىۋەت قىلمايدىغان ھەتتا تونۇشمايدىغان بولۇۋاپتۇ.

بۇرۇن بىزنىڭ ئۆي ۋە يېزا ئورگانلىرىمىزنىڭ ھويلىسىدىن شور نوپا ئۆرلەپ قاقاس تۇرغاندا، شەھەردىكى ئورگانلارنىڭ ھويلىلىرىغا خىش ياتقۇزۇلۇپ، چۆرىسىدە رەڭلىك سۇۋادان، تال باراڭلار سايە تاشلاپ، باغچىدەك چىرايلىق تۇراتتى. ئەمدى بىز ھويلىلىرىمىزغا خىش بېسىپ، مېۋىلىك دەرەخ قويۇپ، تال باراڭلىق قورۇلارنى بەرپا قىلغاندا، شەھەردىكى ئورگانلار ھويلىلىرىدىكى دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، تۈپىراق يۈزىگە قېلىن - قاتتىق سېمونت ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەردە ئۆسىدىغان گۈللەرنى سۇلياۋ قاچىغا سولاپ، ئاپتاپقا قاق سېلىپ تىزىپ قويىدىغان بولۇۋاپتۇ. بەزى ئورگانلار ھويلىلىرىنىڭ يېرىمىغا بۇرۇنقى ئەتىر گۈللەرنى قومۇرۇۋېتىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئوت -

چۆپلىرىنى تېرىپ، چارۋىسى يوق يايلاق ياسىۋاپتۇ. قالغان يېرى «قاتتىقلاشتۇرۇلغان قاقاسلىق» دېسە بولىغدەككەن.

بىز بۇرۇن كوممۇنا ۋاقتىدا كېچىلىرى ئۇخلىماي كەتمەن چېپىپ، بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ يۈرگەندە شەھەرلىكلەر كېچىسى ئۆيلىرىدە ئۇخلاپ، بوتىلاقتەك سېمىز يۈرەتتى. ئەمدى بىز كېچىسى ئىشلەيدىغان ئۇيچە ئەمگەكتىن قۇتۇلۇپ يەدىنىمىزگە ئەت قونغاندا، شەھەرلىكلەر تەشكىل ھەيدىمىسىمۇ ئورۇۋقلايمىز دەپ كېچىدە قوپۇپ كوچىدا يۈگرەيدىغان، ھەتتا نەچچە قويىنىڭ پۇلىغا ئورۇۋقلىتىش دورىسى ئېلىپ يەيدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىز بۇرۇن ئۆيلىرىمىزنىڭ تاملىرىغا گۈللۈك رەسىملەرنى چاپلاپ بېزىگەندە شەھەرلىكلەر ئىشخانا ـ زاللىرىنى پورەك ـ پورەك ئېچىلغان ھەقىقىي گۈللەر بىلەن بېزەيتتى. ئەمدى بىز تەشتەكتە گۈل پەرۋىش قىلىپ ئۆي بېزەشنى ئۆگەنگەندە شەھەرلىكلەر ئىشخانا ـ زاللىرىغا پەرۋىش كەتمەيدىغان سۇلياۋ گۈللەرنى تىزىپ، ئۆز مۇھىتىنى ئۆز قولى بىلەن ئالداپ بېزەيدىغان بولۇۋاپتۇ.

بۇرۇن بىزنىڭ باللىرىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ دېھقان بولغاندا شەھەرلىكلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن باللىرى شەھەرگە كادىر بولدى. بىزمۇ ئەمدى ئويغىنىپ پۇل تېپىپ، شەھەردە ئوقۇسا كادىر بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ باللىرىمىزنى شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇپ، ئۆزىمىزگە كادىر بوپكەلسۇن دېسەك، ئۇنىڭ بىرسى بولالىدىمىكىن، قالغانلىرى تاۋى نازۇك دېھقان بوپكېلىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىك ساۋاقداشلىرى بىزگە كادىر بوپكېلىدىغان بولۇۋالدى.

بىز بۇرۇن كوممۇنادىكى «دولقۇن» ۋاقتىدا قۇچاقتىكى باللىرىمىزنى نائىلاج ئەترەت بەلگىلىگەن بالا باققۇچىغا تاشلاپ بېرىپ، بىرىم كېچە بولغاندا ئاران كۆرەتتۇق. بۇ چاغدا شەھەرلىكلەرنىڭ باللىرى ئانىلىرىنىڭ باغرىدىن ئايرىلماي تاتلىق ئۇخلايتتى. ئىسلاھاتتىن كېيىن بىزمۇ باللىرىمىزنى كېچىسى باغرىمىزدىن ئايرىمايدىغان بولغاندا، شەھەرلىكلەر رېستوران دولقۇنىدا ئالدىراش بوپكېتىپ، تەشكىل زورلىمىسىمۇ قۇچاقتىكى باللىرىنى كېچە ـ كېچىلەپ بالا باققۇچىلارغا تاشلاپ بېرىدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىز بۇرۇن ئۆيدە ئۈماچ، يوپىدانىدىن يېگىلى قۇتۇلۇپ، سۇيۇقئاش، لەغمەنگە تويغىدەك بولغاندا شەھەرلىكلەر بازارنىڭ ئاشخانىلىرىدا مەغرۇر ئولتۇرۇپ پولۇ ـ كاۋاپ يېيىشكە يۈزلەندى. ئەمدى بىزمۇ ھاللىنىپ، ھەپتىدە بىر ۋاق بازاردا پولۇ ـ كاۋاپ يەپ، روھلۇق يۈرىدىغان بولغاندا، شەھەرلىكلەر رېستوران دەپ ئۆزگەرتىدەك بىر يەرگە چىقىپ، قىزىق سەي دەپ سلوسقا ئوخشايدىغان، سوغۇق سەي دەپ ھەلەپكە ئوخشايدىغان بىر نېمىلەرنى «ھەلەق» (ھاراق) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تۆمۈرچى بازغان سوققاندەك غەلىتە ئاۋازلارغا تەڭكەش قىلىپ يېرىم كېچىگىچە يەپ، تۆت ـ بەش تاغار بۇغدايىنىڭ پۇلىنى تاشلىۋېتىپ چىقىپ، يەنە ئاتتەك روھلۇق چىقماي، لەگپۇگدەك ساقىپ، لىگتاسما بولۇپ چىقىپ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈز كارغا كەلمەي، كېسەل توخۇدەك مۈگدەپ يۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىز بۇرۇن ساپال چىراغ يېقىپ، قاپاقتا سۇ ئىچكەندە، شەھەرلىكلەر توك چىراغ يېقىپ، چىلەكتە سۇ ئىچەتتى. ئەمدى بىز توك چىراغ يېقىپ، تۇربا سۈيى ئىچىدىغان بولغاندا، شەھەرلىكلەر قاپاقتا چاي ساقلاپ ئىچىدىغان، ھەتتا بىز تاشلىۋەتكەن ساپال چىراغ، كوزا، ياغاچ ھارۋىنىڭ چاقى، كونا چەكمەن قاتارلىقلارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، يادىكارلىق دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان بولۇۋاپتۇ. زادى بىزدەك سەھرالىق تومپايلار شەھەرلىكلەرگە يېتىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، بەزى ئىشلىرىنى توغراچۈشىنەلمىگىدەكمىز.

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا خادىمى

## دېھقانلارنىڭ شەھەرلىكلەرگە بولغان «ئاچچىقى»

بىز ئەمدى گۆش يېيىشكە باشلىساق، سىلەر كۆكتات يېيىشكە قايتىدىن يۈزلەندىڭلار.

بىز ئەمدى توي قىلالىساق، سىلەر نەنھالىق شوئارىنى توۋلاشقا باشلىدىڭلار.

بىز ئەمدى قەنت چىشلىسەك، سىلەر قەنت سېيىشكە باشلىدىڭلار.

بىز ئەمدى ئارام ئېلىپ، تەرلىرىمىزنى سۈرتسەك، سىلەر چېنىقىش ئۆيى ۋە ھورداقخانىغا بېرىپ، تەرلىنىشكە باشلىدىڭلار.

بىز ئەمدى تېلېفون ئورناتساق، سىلەر توردا سۆزلىشىشكە يۈزلەندىڭلار.

بىز ئەمدى كىنوخانىلاردا ئۇچرىشىشنى ئۆگەنسەك، سىلەر توردا مۇھەببەتلىشىشكە باشلىدىڭلار.

بىزنىڭ ئەمدى قورسىقىمىز توق، كىيىمىمىز پۈتۈن بولسا، سىلەر ئورۇقلاشقا، كىندىكىڭلارنى ئېچىپ قويۇشقا باشلىدىڭلار.

ساجىدە ئابلەت تەرجىمىسى

---

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىل 6 ـ يانۋار سانىدىن

ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. ژۇرۇر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.
——«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئىنساپ قىل، «ئاق خالاتلىق پەرىشتە»

—دورا باھاسى يۇقىرى بولۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم



ئوسمانجان ئۆمەر

مەن بۇ تېمىنى يېزىشتا كۆپ قىينالدىم. چۈنكى ئۆزۈممۇ بىر دوختۇر. يەنى ئېيتىلىۋاتقان «ئاق خالاتلىق پەرىشتە»نىڭ بىرسى. لېكىن شۇ ئاتالمىش بەزى «پەرىشتىلەر»نىڭ پەرىشتىلەرگە خاس بولمىغان ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ ھەم جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ شۇ «پەرىشتىلەر»نىڭ ئالدىدا زور ئۈمىد بىلەن كىرىپ، قاقشىتىم بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋىجدانىم ئازابلاندى. ئاخىرى قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## بەزى دوختۇرلارنىڭ يېزىپ بەرگەن رېتسېپىدىكى دورىلارنىڭ تولىسى يۇقىرى باھالىق دورىلار

يېقىندا بىر مۇخبىر يېنىك دەرىجىدىكى كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، بىر كىچىك دوختۇرخانىغا بارغان. دوختۇر يېزىپ بەرگەن كۆزگە تېمىتىدىغان دورىنىڭ دوختۇرخانىدىكى باھاسى 15.70 يۈەن بولغان. مۇخبىر ئۆزىنىڭ كەسپىي قىزىقىشى تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىدىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى دورا ماگىزىنىغا كىرىپ قارىسا، شۇ دورا بىلەن زاۋۇت ئادرېسى، مىقدارى ئوخشاش دورىنىڭ باھاسى 6.60 يۈەن ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئىككى ئورۇندىكى باھا پەرقى 9.10 يۈەن بولغان.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مۇخبىر ئۈچىنچى A دەرىجىلىك بىر چوڭ دوختۇرخانىغا يەنە شۇ ئاغرىقنى كۆرسەتكەن. دوختۇر ئوخشاشلا شۇ دورىنى يازغان. لېكىن باھاسى 12 يۈەن بولغان. مۇخبىر بۇ ئۈچ خىل باھا پەرقىدىن گۇمانلىنىپ، دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئادرېس بويىچە دورا زاۋۇتىغا تېلېفون قىلىپ ئېرىشكەن زاۋۇت باھاسى 3.50 يۈەن ئىكەنلىكىنى ئۇققان.

مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئىگىلىنىشىچە، دورىلارنىڭ سېتىلىش جەريانىدىكى باھاسى تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە بولىدىكەن:

دورا باھاسى = دورا تەننەرخى + ئېلان چىقىمى + تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ چىقىمى + دوختۇرنىڭ شېرىنكانىسى + دوختۇرخانىنىڭ قوشقان باھاسى.

دورىلارنىڭ سېتىلىش جەريانى:

1. دورا زاۋۇتى ← دورا ۋاكالەتچىسى ← دوختۇرخانا ← دوختۇر ← كېسەل.

2. دورا زاۋۇتى ← دورا سودىگىرى ← ئوتتۇرىدىكى سودىگەر

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ـــدورىخانا ـــكېسەل.

## دورا تەننەرخى: ئون ھەسسىلەنگەندىن كېيىن ئاندىن باھا بېكىتىلىش

مۇبادا سىز 100 يۈەن خەجلەپ سېتىۋالغان بىر قۇتا دورا بەزىدە ئون يۈەن ياكى بەش يۈەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئىچىدىكى بەزى يېڭى دورىلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشتە مۇشۇ مەسىلە مەۋجۇت. مەسىلەن، باشتا ئېيتىلغان كۆز دورىسىنى مىسالغا ئالساق، زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 3.50 يۈەن بولغان بىر دورىنىڭ باھاسى تۆت ھەسسە ئۆرلەپ 15.70 يۈەن بولغان. بەزى يېڭى دورىلارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ ھەتتا ئون ھەسسە ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بىر دورا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى چۈشەندۈرۈپ: ھازىر سېتىلىۋاتقان بەزى دورىلارنىڭ تەننەرخى ئەمەلىيەتتە سېتىلىۋاتقان باھاسىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەمەلىيەتتە دورىلارنىڭ باھاسى بويىچە يۇقىرى بولغان بىلەن دورا زاۋۇتلىرى ئانچە كۆپ پايدا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى دورىلارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى ئادەتتە يۇقىرى بولمايدۇ. يۇقىرى بولىدىغىنى بەزى دوختۇرخانىلارنىڭ كېسەللەرگە سېتىپ بېرىدىغان پارچە باھاسىدۇر. بۇنىڭدا ئاساسلىق رول ئويناۋاتقىنى دورىلارنىڭ شىرىنكانىسى بولۇپ، دورىلارنىڭ باھاسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئېرىشىدىغان شىرىنكانە شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

ھازىر دورا زاۋۇتلىرىنىڭ رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، چەرىكلەشكەن بەزى دوختۇرخانىلارغا كۆپ شىرىنكانە بەرمىسە دورىلىرىنى ساتالمايدۇ. شۇڭا دورا باھاسىنى يۇقىرى قويمىسا دوختۇرغا بېرىدىغان پۇل نەدىن كېلىدۇ؟

ئەگەر دۆلىتىمىزنىڭ باھا تارماقلىرى بېكىتكەن قائىدە-تۈزۈم بويىچە بولسا دورىلارنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىلىش باھا پەرقى ٪ 30 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، توپ سېتىلىش باھاسى بەش يۈەنلىك دورىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 6.50 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

لېكىن شۇنچە يۇقىرى باھالىق دورىلار قانداقچە باھا تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟

كەسپىي كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خېلى كۆپ دورا زاۋۇتى دورىلارنىڭ تەننەرخى، ئېلان چىقىمى ۋە سېتىلىش چىقىملىرىنى يۇقىرى ھېسابلاپ يۇقىرىغا يوللايدۇ. دورىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى مۇرەككەپ، تېخنىكىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ھۆكۈمەت باھا تارماقلىرى ھەرخىل دورىلارنىڭ ھەقىقىي تەننەرخىنى بەزى ھاللاردا ئاسانلىقچە توغرا ئىگىلىيەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بەزى دورا زاۋۇتلىرىنىڭ چىقىرىپ بەرگەن يالغان باھاسى باھا تارماقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەننەرخى بىر نەچچە يۈەنلىك دورىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى نەچچە ئون يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ قالىدۇ.

## دورا ئېلانى: پۇلنى قانچە كۆپ خەجلىسە سېتىلىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ

ئەمەلىيەتتە دورا باھاسىنى بېكىتىشتە بەزى دورا زاۋۇتلىرىنىڭ دورا ئېلانلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەلۇم دورا زاۋۇتى 1996-يىلى يېڭى ئىشلەپچىقارغان دورىغا ئېلان بەرمەي زىيان تارتقان. 1997-يىلى 10 مىليون يۈەن خەجلەپ دورىنى ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن دورىنىڭ سېتىلىشى شىددەتلىك ئۆرلەپ 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

1998-يىلغا كەلگەندە بۇ دورا زاۋۇتى يۈرەكلىك ھالدا 20 مىليون يۈەن خەجلەپ دورىسىنى ئېلان قىلدۇرغان. دورىنىڭ سېتىلىشىمۇ 220 مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1999-يىلغا كەلگەندە زاۋۇتنىڭ يۈرەكى تېخىمۇ يوغىناپ 200 مىليون يۈەن خەجلەپ مەملىكەتنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئېلان بەرگەن. دورىنىڭ سېتىلىشىمۇ مۇناسىپ ھالدا 860 مىليون يۈەنگە يەتكەن. شۇنىڭدەك، سېتىلىش قانچە يۇقىرى بولغانسېرى ئېرىشكەن ساپ پايدىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغان.

بۇ پۇللار نەگە كېتىدۇ؟ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ھەممىسى سېتىلىش ھالقىلىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ. سېتىلىش كىرىمى يۇقىرى بولسا شىرىنكانىمۇ مۇناسىپ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئېلان چىقىملىرىنى دورا باھاسىغا قوشماي نەگە قوشىدۇ؟ ئاخىرىدا دەردىنى تارتىدىغىنى، شۇ چىقىملارنى كۆتۈرىدىغىنى يەنىلا كېسەللەر بولىدۇ.

## دورا ۋاكالەتچىسى: دوختۇرنى توغرىلاشنىڭ يەتتە قەدىمى

دورا زاۋۇتلىرىنىڭ ئېلان ھەققى بىلەن سېلىشتۇرغاندا دورىلارنىڭ سېتىلىش جەريانىدىكى باھا قوشۇش ئەڭ چوڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر بولىدۇ. بۇ جەرياندا دورا ۋاكالەتچىلىرى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. دورا ۋاكالەتچىلىرى دېگىنىمىز دورا زاۋۇتى ئۆزىنىڭ دورىلىرىنى سېتىش ئۈچۈن ياللىۋالغان دورا تەشۋىقاتچىلىرى بولۇپ، زاۋۇت بىلەن دوختۇرخانا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلەردۇر.

دورا ۋاكالەتچىلىرىنىڭ رولى چەت ئەللەردىكى دورا زاۋۇتلىرىغا ئوخشاش دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن توختاپ قالماي بەلكى ئاساسلىق خىزمىتى دوختۇرخانا ۋە دوختۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كۆچىدۇ. بۇ خىل «مۇناسىۋەت خىزمىتى» تەرتىپى ئومۇمەن يەتتە قەدەم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1. دوختۇرخانا دورا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ كىشى ئارقىلىق دورىنى كلىنىكا دوختۇرلىرى سىناق قىلىپ ئىشلىتىشكە كۆرسىتىپ بەرگۈزۈش، بۇ ئوتتۇرىدا ئەلۋەتتە دورا بۆلۈمى باشلىقىغا نەپ تېگىدۇ.

2. دورا ئىشلىتىدىغان كلىنىكا بۆلۈم باشلىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، بۆلۈم باشلىقىغا شىرىنكانە بېرىش ئارقىلىق بۆلۈم باشلىقى ياكى دوختۇر بىر پارچە شۇ خىل دورىنى ئىشلىتىش ئىلتىماسىنى يېزىپ، دوختۇرخانا دورا كىرگۈزۈش كومىتېتىغا يوللاتقۇزۇش.

3. دورا كىرگۈزۈش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ تەستىقلاشتىن ئاۋۋال چوقۇم ئاساسلىق مەسئۇل دوختۇرخانا باشلىقى، كومىتېتتىكى مۇھىم ئەزالارنى، دورا بۆلۈمى باشلىقىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك دوختۇرلارنى سېتىۋېلىشى كېرەك.

4. دوختۇرخانىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى، ئىسكىلاتچىسى، مالىيە خادىملىرىغا ئازراق نەپ بېرىپ قويۇش كېرەك. شۇنىڭدا دوختۇرخانا دورىنى تېزرەك سېتىۋالىدۇ.

5. دورا كىرگەندىن كېيىن ئوڭۇشلۇق ھېساب يوغۇش ئۈچۈن بەزى ھالقىلارنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

6. ئاندىن ھەر بىر رېتسېپ يېزىش ھوقۇقى بار دوختۇر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، دوختۇر ئارقىلىق كېسەللەرگە شۇ دورىنى ئىشلەتكۈزۈش. بۇ ھالقىدا دوختۇرغا چوقۇم دورا شىرىنكانىسى بېرىش

كېرەك. بېرىلىدىغان شىرىنكانە قانچە يۇقىرى بولسا، دوختۇر بۇ دورىنى كېسەلگە شۇنچە كۆپ ئىشلىتىدۇ.

7. دوختۇرنىڭ ئالىدىغان شىرىنكانىسىنى ھېسابلاش ئۈچۈن چوقۇم رېتسېپنى ستاتىستىكا قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن دورىخانىدىكى مۇناسىۋەتلىك رېتسېپ ساقلىغۇچىلارغا نەچچە موچەن رېتسېپ ستاتىستىكا ھەققى تاپشۇرۇش كېرەك.

بۇ يەتتە قەدەم ئۈچۈن دورا زاۋۇتى نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەيدۇ. دورا شىرىنكانىسىنى بېرىش يوللىرى ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرى نەق پۇلنى بىۋاسىتە دوختۇرغا بېرىدۇ. بەزىلىرى بۆلۈم باشلىقىغا بېرىپ، بۆلۈم باشلىقى دوختۇرلارنىڭ يازغان دورىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۆلۈم باشلىقى ئۆزى كۆپ قىسمىنى قايرىۋالىدۇ. يەنە بەزىلىرى دوختۇرلارنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ھەققى، ساياھەت ـ كۆڭۈل ئېچىش ھەققى، تېلېفون ھەققى قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ.

مۇشۇنداق پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشىدا بەزى دوختۇرلار ئۆزىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى ئۇنتۇپ، ئاۋام پۇقرانى قاڭغىر قاقشاتماقتا.

ھازىر بەزى دوختۇرخانىلاردا دوختۇرلارنىڭ باشقۇرىدىغان كېسەل كارىۋىتى قانچە كۆپ بولسا ئېرىشىدىغان كىرىمىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا دوختۇرخانىدا دوختۇرلارنىڭ ئۆزئارا كېسەل تالىشىش ئەھۋالى ئېغىر. بۇ ھەرگىز شۇ دوختۇرنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كۆپرەك كېسەل كۆرۈپ ئۆز كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولماستىن، ئېرىشىدىغان پايدىنى كۆپەيتىش مەقسەت قىلغانلىقىدىندۇر.

مېنىڭ مەركىزىي شەھەردىكى بەزى چوڭ دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقان بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئايدا ئالىدىغان شىرىنكانىسى نەچچە مىڭ يۈەندىن ئون مىڭ يۈەنگىچە يېتىپ بارىدۇ. كىچىك شەھەرلەردىكىلەرنىڭمۇ مىڭ يۈەندىن كەم ئەمەس.

## ئاخىرقى سۆز

خۇلاسە كالام، يۇقىرىقىدەك دورا باھاسى يۇقىرى بولۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم ھالقىسى يەنىلا «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» ئاتالغان، كەسپىي ئەخلاق بۇرچىنى ئۇنتۇغان بەزى ئىنساپسىز دوختۇرلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر شۇ «ئاق خالاتلىق پەرىشتە»لەر ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن ياشىسا، تېببىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلسا، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ، نامرات دېھقانلىرىنىڭ جاپالىرىنى چۈشەنسە، ئىنسابىي بولسا، شۇ خىل باھاسى ئەشۇنداق ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى دورىلارنى ھەرگىز كېسەللەرگە تونۇشتۇرماس ھەم رېتسېپ قىلىپ يازماس ئىدى. بەلكى رولى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان، شۇ كېسەلنى داۋالىيالايدىغان ئەرزان باھالىق دورىنى (دوختۇر بولۇش سۈپىتىم شۇكى بىلەن ئەسكەرتىپ قوياي، بەزىبىر ئېغىر كېسەللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇ ئەرزان دورىلار بىلەن نۇرغۇن كېسەللىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ) يېزىپ داۋالار ئىدى.

شۇ «ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر»گە مۇراجىتىم: ئىنساپ قىلىڭلار. ھازىرقى ئېلىۋاتقان ھالال مائاشىڭلار بىلەنمۇ گۈلدەك تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىلەر. بولمىسا جاپاكەش، نىمجان دېھقانلىرىمىزنىڭ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ بېقىڭلار. شۇلارمۇ ئازغىنە كىرىم بىلەن ياشاپ كېتىۋاتىدۇ. بىزدە ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ماقال بار: «كىشىنىڭ ھەققىنى يېسەڭ ھامان بىر كۈنى كانىيىڭدىن بوغىدۇ.» شۇڭا ئىنساپ قىلايلى، ئۆزىمىزنىڭ خەلق قەلبىدىكى «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دېگەن ئالىيجاناب ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەيلى.

---

پايدىلانغان ماتېرىيال: جۇڭگو توقۇمىچىلىق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئاۋام كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان توققۇز چوڭ قىزىق پاراڭ» دېگەن كىتابچە.

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

2005 ـ يىل 3 ـ مارت، شەھىرى غۇلجا

### مۇلاھىزىگە قوشۇمچە:

# «ئاق خالاتلىق پەرىشتە»لەر قانداق چۈشكۈنلەشتى؟

**ـــ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ پارا بېرىش دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىشى**

تۆلەك ۋېنيەن، شۇ جيې

**ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم دورا زاۋۇتىنىڭ بىر دورا ۋاكالەتچىسى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، دورىلارغا شىرىنكانە بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىنىڭ 119 نەپەر دوختۇرىنى «ئەسىر» قىلىۋالغان. بۇ دوختۇرلارنىڭ ئالغان شىرىنكانىسى 540 مىڭ يۈەنگە يەتكەن...**

**دوختۇرلار يانچۇقىغا ئاگاھلاندۇرۇش كارتىسى سېلىپ ئىشقا چىقىدىغان بولدى.**

2005 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ شىنجاڭدىكى مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرلىرى ئىشقا چىققاندا سېرىق رەڭلىك كارتا سېلىۋالىدىغان بولدى. كارتىنىڭ ئالدى تەرىپىگە «تېببىي خادىملارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە ئاگاھلاندۇرۇش كارتىسى» دەپ، ئارقىسىغا «ئالتىنى قىلماسلىق»، يەنى دورىغا شىرىنكانە ئالماسلىق؛ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان خورايدىغان ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا شىرىنكانە ئالماسلىق؛ كېسەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بەرگەن قىزىل بولاق (بۇيۇم)نى ئالماسلىق، مېھماندارچىلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق؛ رېتسېپتىن تاپان ھەققى ئالماسلىق، چوڭ رېتسېپ يازماسلىق، قالايمىقان تەكشۈرمەسلىك: كېسەل تونۇشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ھەققى، چاي پۇلى ئالماسلىق؛ رېتسېپقا دورا قوشۇۋالماسلىق، كېسەللەرگە دورا ياكى باشقا بۇيۇملارنى ساتماسلىق، دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

بۇ دوختۇرخانا نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا 2005 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارمىقىغا بەرگەن

تەكلىپى سەۋەب بولغان.

### بىر پورتمان ئارقىلىق پارا بەرگۈچى ئاشكارىلاندى

2004 ـ يىلى نويابىردا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر موماي مەلۇم دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلدى. ئۇ، ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ نومۇر ئېلىش نۆۋىتىنى كۈتتى. ئۇ موماي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن قارا رەڭلىك بىر پورتمانىنى تېپىۋالدى ھەم بۇ پورتمانىنى دوختۇرخانىنىڭ سېستراسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. سېسترا پورتمانىنى ئېچىپ بىر تۇتام قەغەزنى كۆردى، ئۇلارغا شىنجاڭدىكى مەلۇم دوختۇرخانىدىكى بىر قىسىم دوختۇرلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا كېسەللەرگە قانداق دورا ۋە ئۇنى قانچە قۇتا يېزىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەنىدى. پورتماندا يەنە بانكا كارتىسى بىلەن ئىسىم كارتوچكىسى بار ئىدى. سېسترا بۇ قەغەزلەرگە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، پورتمانىنى دەرھال دوختۇرخانىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارمىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، بۇ پورتمان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار پورتماندىن ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم دورا زاۋۇتىنىڭ مۇدىرى ساۋ جياڭنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى تاپتى. ئۇلار باشقۇرۇش تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ئويلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە تېلېفون بەردى.

ساۋ جياڭ دورىگەرلىك ساھەسىدىكى كونا مال ساتقۇچى بولۇپ، شىنجاڭدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردىكى دوختۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئىككى ئورۇن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، تەپتىش مەھكىمىسى ساۋ جياڭنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، تەپتىشلەر ئاخىر ساۋ جياڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋاڭ سىخەننى «قارماق» قا ئىلىندۇردى. تەپتىش خادىملىرى سوراق قىلغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن دورىغا شىرىنكانە بەرگەنلىكىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى. ساۋ جياڭ يەنە دوختۇرلار بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمايدىغانلىقىنى، ئادەتتە ئاياللىرىنىڭ ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەپتىش مەھكىمىسى يېتەرلىك ئىسپات تېپىش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرۇپ، قارا تاشلىق ئۈچ خاتىرە دەپتىرىنى تاپتى. خاتىرە دەپتەرلەرگە شىنجاڭدىكى مەلۇم دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ دورىغا شىرىنكانە ئالغانلىقىغا دائىر كونكرېت ئەھۋاللار: دوختۇرلارنىڭ ئىسمى، بۆلۈمى، بەرگەن دورىسى، قانچىلىك شىرىنكانە ئالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ دوختۇرلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قىسىم يېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرمۇ بار ئىكەن.

پاكىت ئالدىدا ۋاڭ سىخەن ئۆزىنىڭ پارا بېرىش جەريانىنى ئەينەن تاپشۇردى.

### 119 نەپەر دوختۇر 540 مىڭ يۈەن پارا ئالدى

ۋاڭ سىخەن ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر دورا زاۋۇتىنىڭ دورا ۋاكالەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دورىسىنى قانداق تەشۋىق قىلىشنى بىلەتتى. دورىغا خېرىدار چاقىرىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۇ شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى بىر نەچچە دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاندىن ئۇ نەزىرىنى ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى دوختۇرخانىلاردىكى دوختۇرلارغا قاراتتى.

2003 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ ۋاڭ سىخەن شىنجاڭدىكى مەلۇم دوختۇرخانىغا دائىم قاتراپ، دوختۇرلارغا رېتسېپ يازغاندا ئۆزىنىڭ زاۋۇتىنىڭ دورىسىنى يېزىپ بەرسە، كۆڭلىنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. دەسلەپتە دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر قىسىم دوختۇرلار پۇلنىڭ جەلپ قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دورا ۋاكالەتچىسى بىلەن دوختۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك رەزىل «ئويۇن» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق بۇ دوختۇرخانىنىڭ دورىخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى سېتىۋالدى ھەم دورىخانىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئارقىلىق دوختۇرلار يازغان رېتسېپنى ستاتىستىكا قىلدى. ۋاڭ سىخەن ئۇلارنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن دوختۇرلارغا «رەھمەت» ئېيتتى. 2004 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، بۇ دوختۇرخانىدىكى 119 نەپەر دوختۇر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋاڭ سىخەن بەرگەن دورا شىرىنكانىسىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئالدى. ئۇلار ئالغان شىرىنكانىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 540 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

تەپتىش ئورگىنى ۋاڭ سىخەن ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىببىي دورا ئوبوروت ساھەسىنى تىترەتكەن بۇ چوڭ دېلونى پاش قىلدى. بۇ دېلوغا چېتىشلىق دوختۇرلارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. تەپتىش ئورگىنى بۇ دېلونى بىجىرىش جەريانىدا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ بەزى تۈزۈملىرىدە يوچۇق بارلىقىنى بايقاپ، بۇ دوختۇرخانىغا تەپتىش تەكلىپى بەردى. شۇ سەۋەبلىك بۇ دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلار يانچۇقىغا ئاگاھلاندۇرۇش كارتىسى ئېلىپ ئىشقا چىقىدىغان بولدى.

نۆۋەتتە بۇ دوختۇرخانىدىكى 119 نەپەر دوختۇر تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەربىيىسىدە، دورا شىرىنكانىسى ئالغانلىق مەسىلىسىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالغان پۇلنى تەپتىش ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. دوختۇرخانا تەپتىش ئورگىنىنىڭ تەكلىپى بويىچە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈمنى ۋە جازالاش تەدبىرلىرىنى تۈزدى، ۋاڭ سىخەنمۇ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلدى.

(ماقالىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلگەن)

---

«شىنجاڭ گېزىتى» 2005 ـ يىل 23 ـ نويابىر سانىدىن

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ يوللىشىنى سورايمىز.

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۆكۈنمەك ① تولىمۇ ئېسىل مىللىي پەزىلەتتۇر

مەشھۇر يازغۇچى ليۇبەنيۇ كېسەل بىلەن 2005 ـ يىلى 24 ـ ئاۋ-
غۇستتا 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئېلىمىزدە مەشھۇر يازغۇچى بو-
لۇپ، ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرقى يىللىرىدا ھەممىدىن ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەممىدىن كۆپ
ئەجىر قىلىپ ۋە ھەممىدىن كۆپ ئېتىبار بىلەن يازغان ئەسىرى «قەلب
سەرگۈزەشتىسى» بولدى. بۇ سەرگۈزەشت رومانىدا ۋىجدان بايانلىرى
بار، ئۆتكەنكى قىزغىن مۇھەببەتمۇ بار، چەكسىز دوستلۇق مېھرىمۇ بار،
ئۆزىگە قارىتىلغان رەھىمسىز لەنەت ـ نەپرەتمۇ بار ②، ئاجايىپ زور
خۇشاللىقمۇ، چوڭ دەرد ـ ھەسرەتمۇ بار (خەنزۇچە: «جۇڭگو ياشلى-
رى» گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىل 29 ـ ئاۋغۇست سانىغا قاراڭ).

ليۇبەنيۇ ئەمەلىيەتتە 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، يېشى 80دىن ئاشقان
بىر ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتە سادىر قىلغان بەزى خاتالىق ـ نا-
ھەقچىلىقلىرىدىن قاتتىق بىئارام بولغان، ھەسرەت ـ نادامەت قىلغان
ھەتتا ئاشكارا ئۆزرە سورىغانىدى. ئۇنىڭ شۇ سەمىمىيتى ۋە غەيرى-
تىمۇ ھەممىمىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن. گەپ، «سەددىچىن»
ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 1 ـ سانىدىكى 30 مىڭ سۆزلۈك «تۈنۈگۈن
كېچىدە سوققان كۈز شامىلى غازاڭ قىلدى يايپىشىل كۆكىرىپ تۇرغان
دەل ـ دەرەخنى» سەرلەۋھىلىك نەسرىي ماقالىدىن باشلانغان. شۇ-
گۇاڭخۇي يۈرەك قېنى بىلەن يازغان بۇ ئەسلىمىدە «ئوڭچىلارغا
قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارمىيە
ئىچىدىكى «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلغانلىقى، ھەتتا ياۋىدىنىڭ ناھىيىسى-
دىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىشكە ماڭدۇرۇلغانلىقى، بۇ-
لار پۈتكۈل جەريانى بىلەن بايان قىلىنغان. ئەسلىمە بېسىلىپ چىققاندى-
دىن كېيىن، ليۇبەنيۇ شۇ يىلى 29 ـ مارتتا شۇگۇاڭخۇيغا خەت يېزىپ:
بۇ ماقالىدىكى «گەپ ـ سۆزلەر تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز يېشىغا

## «ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەك

ئوخشايدۇ. ھەق گەپلەر يۈرىكىمنى ئەزدى» دېگەن ۋە «سىزنىڭ شۇ جەريانىدا تارتقان دەرد _ ئەلەملىرىڭىزگە مەن زامىن بولدۇم. يولداش شۇگۇاڭخۇي، ئالدىڭىزدا مەن يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەيمەن، يۈرىكىم ئۆرتەلىدۇ. سىزدىن ئەپۇ سوراشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن «يىراق يەردە بولسامۇ سىزگە چوڭقۇر ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرىمەن، قىلمىشىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن» دېگەن (خەنزۇچە: «ئىشچىلار گېزىتى»نىڭ 2001 _ يىل ئۆكتەبىر سانىغا قاراڭ).

ياشىنىپ قالغان ليۇبەيىۇنىڭ بۇ نادامەتلىرى③ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىققان چىن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر. شۇگۇاڭخۇي بۇ ھەقتە يازغان جاۋاب خېتىدە: «ئۆتۈپ كەتكەن دەرد _ ئەلەملەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەردىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى دەۋرنىڭ، تۈزۈمنىڭ خاتالىقىدىن بولغان؛ بۇنىڭدا شەخسنىڭ مەلۇم جاۋابكارلىقى بولسىمۇ، ئاساسىي ۋە ئومۇمىي جاۋابكارلىقى يوق» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن قىلمىشلارنى ئۆز بېشىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزگەن، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قانداقلا بولمىسۇن تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى شەرت، تۈزۈمنى قالقان قىلىۋېلىشى يارىمايدۇ. دېمەك، جاۋابكارلىقنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەملەرگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش قىممەتلىك مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئىپادىسى. كىشىلەر ئۆتۈپ كەتكەن شۇ تارىخنى ئوتتۇرۇپ كېتىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا ئەنە شۇنداق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۆزلۈكىدىن پۇشايمان يەپ ئۆكۈنۈش تولىمۇ قەدىرلىك پەزىلەت.

ئەيىبسىز ئادەم بولمايدۇ. «ئادەم خاتالاشمايدىغان ئەۋلىيا ئەمەس». خاتالاشقاندا بەزى ئادەملەر ئۆزىنى ئۇجۇر _ بۇجۇرىغىچە تەكشۈرىدۇ، ۋىجدانەن سوئال _ سوراققا تارتىدۇ. مەسىلەن: لۇشۈن، روسسو ④ . ئون يىل يېقىن ⑤بولغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» شەخسلەرنىڭ پاجىئەسى ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى پارتىيە جاسارەت بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى، مانا بۇ پارتىيىنىڭ يۈزىنىڭ يورۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ شەخسىي جاۋابكارلىقتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى پارتىيە ئۆزىنىڭ مىليونلىغان ئەزاسىدىن تەركىب تاپىدۇ. بىر مەزگىللىك تارىخنىمۇ شۇ مەزگىلدىكى تارىختا ياشىغان ئادەملەر ئۆز قولى بىلەن يازغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم تۇرمۇش تارىخىدىن خالىي، «مۇستەسنا» بولالمايدۇ. خاتالىق تۈزۈمدە بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىغىلىقىدا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئادەم ئۆزىنىڭ شاتۇ _ شەۋكىتىنى⑥ كۆزلەپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ، ياخشى ئادەملەرنى ئوتقا تىقتى، ئۆزىنىڭ يارۇ _ بۇرادەرلىرىگە خائىنلىق قىلدى، ۋىجدانسىزلىق قىلدى.

لېكىن ئارقىمىزغا يېنىپ قاراپ باقايلى. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، يولغۇلۇق بولدى. مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۆزىنىڭ ناھەق قىلمىشلىرىغا پۇشايمان يەپ، ئاشكارا ئۆزرىخاھلىق سورىغان ئادەم قانچە؟

(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش شۇجىسى) خۇياۋباڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئۆزىنى ئۆزى كەچۈرەلمەيدىغان مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلغان: بىرى _ 1959 _ يىلى باش قوماندان، مارشال پېڭ دېخۇەيگە تەئزىر ⑦ بېرىلىۋاتقان بىر چاغدا پېڭ دېخۇەينىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلىدە ئارىسالدى بوپقالغان بولسىمۇ، مەركەزگە ئەگىشىپ قول كۆتۈرگەن؛ يەنە بىرى _ 1968 _ يىلى نازارەت ئاستىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن دەرھاللا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان. شۇ چاغدا (دۆلەت رەئىسى) ليۇشاۋچىنى «ئىچكى خائىن» ئىكەن دەيدىغان ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەجرىبىسى بويىچە قاراپ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، مەن بۇنىڭغا نېمە دەيتتىم، دەپ ئامالىسىز قول كۆتۈرگەن (2000 _ يىل 24 _ يانۋار نەشردىن چىققان «گېزىت _ ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»گە قاراڭ). خۇاجۇنۇۋ ⑧ نىڭمۇ «ئوكچى»لارغا تۈزكۆڭۈللۈك بىلەن قارشى تۇرغان ۋاقتىدا ناھەق ئۇۋال قىلىنغان خۇپىيەڭ قاتارلىق بەزى يولداشلارغا ھەجۋىي رەسىم بىلەن دەككە بەرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقى _ ئىلغارلىقىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ بۇنداق ئەھۋاللار ئىنساپسىزلىق، قارىماققا ناھايىتى زېرەكلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەخمەقلىق (2000 _ يىل 22 _ يانۋاردىكى «خەلق گېزىتى»گە قاراڭ).

قىلمىشلىرىغا ئاگاھلىق رەۋىشتە ئۆكۈنۈش، ئۆز _ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، سەۋەنلىكلىرىنى ياپماسلىق، ناھەقچىلىقلىرىنى پەردازلىماسلىق كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا كىشىلەر خاتالىقنى ئازايتالايدۇ، مىللەت چىغىر يولنى ئاز بېسىپ، پاجىئەلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ، داۋاملىق قۇدرەت _ كامالىغا يېتەلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق جاسارەتكە تولۇش ئۈچۈن ئىلىم _ بىلىم، ئەقىل _ ئىدراك كېرەك، قارنى _ كۆكسى كەڭ بولۇش كېرەك، ئۆزىنىڭ قەدىر _ قىممىتىنى بىلىش كېرەك. ھېلىقى بىر مەزگىلدىكى تارىخنىڭ پۇشايمان قىلىشىمىزغا تېگىشلىك يەرلىرى ناھايىتى كۆپ _ تولا؛ لېكىن تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن باغلىغان نىيەتلىرىمىز، قىلغان تەۋبىلىرىمىز ناھايىتى ئاز. ۋېي جۈنيى⑨ نىڭ «دەردنامە» ناملىق ئەسىرى تولىمۇ نېپىز كىتاب ئىكەن. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىدىيىسىدىن قارىغاندا، يەنە نۇرغۇن نەرسىنى يازمىغاندەك ياكى يازغان بولسىمۇ نەشر قىلىش ۋاقتىدا ئۆچۈرۈپ _ چىقىرىپ تاشلانغاندەك قىلىدۇ. باجىن ئەپەندى جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەدەبىيات مۇزېيىنى ئاچساق بولاتتى» دەپ كۆچىگەندى، ھازىر بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈنۈمى تولىمۇ ئاز. «جەنۇب شەنبىلىكى» گېزىتى «يېڭى تەۋبىنامە» دەيدىغان مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئۇرۇپ _ چېقىپ، بۇلاپ، ئوقۇتقۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەۋبىنامىلىرىنى، ئۆزرىخاھلىرىنى بىر قانچە قېتىم ئېلان قىلغانىدى. كېيىن شۇ سەھىپە ئۈزۈلۈپ قالدى، ماقالە ئۆكسۈپ قالغانلىقىدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك.

بۇ ئەھۋاللار 1970 _ يىلى دېكابىردا ۋارشاۋادىكى شېھىتلەر⑩ ئابىدىسى ⑪ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئەسلىتىدۇ: «قارا قىش كۈنلىرى، برانت مۇزدەك سوغۇق مەرمەر تاش ئۈستىدە گۈس قىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇشۇنداق سەجدە قىلىش پەرز بولغان. ۋە لېكىن مۇشۇنداق قىلمىغان ئادەملەرگە تەن قىلىپ، تارتىشىپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ، كۆڭلىدە دۇئا ئوقىغان. ئۇنىڭ شۇ ھالىتى گويا يەرۋەردىگار ئالدىدا سوراققا تارتىلىۋاتقاندەك». _ مانا بۇ

«گۇناھىغا ئۆكۈنۈش ۋە دېلو ئاغدۇرۇش» ناملىق كىتابتىن كەلتۈ- رۈلگەن نەقىل. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تاماملانغاندىن بۇيان گېرمانلار زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋابكارلىقلارنى خېلى خالىس ۋە خېلى ئېنىق تونۇپ يەتكەن. ئۇلار ئەۋلادلىرىغا تەربىيە بېرىش يۈزىسىدىن، ناتسىستلارنىڭ بىر نەچچە يەردىكى كونا جازا لاگېرى- نى ھۆكۈمەت نامىدىن خاتىرە سارىيىغا ئۆزگەرتكەن؛ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە فاشىزم جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان مەزمۇنلارنى كۆپەيتكەن ۋە ناتسىستلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنى توسىدىغان قانۇنلارنى تۈزگەن. ئۇرۇش چىقىملىرىنى تۆلەش پوزىتسىيىسىمۇ خېلىلا ئېنىق بولۇپ، ئاۋۋال پولشا، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دەرد تارتقان دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ يەھۇ- دىي مىللىتىگە 110 مىليارد مارك ـ 55 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا تۆلەم بەرگەن. دېمەك، تارىخىي خاتالىق ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاشقا جۈرئەت قىلغان مىللەت ئەقىللىق مىللەتتۇر. مۇشۇنداق مىللەت دۇنيا خەلقىنىڭ، شۇ جۈملىدىن شىكەستە⑫ يېگەن مىللەت- لەرنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇمۇ گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كې- يىنكى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تىنچلىقپەرۋەرلىك روھىنى يېتىل- دۈرۈشىدىكى، غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈ- شىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر، ئەلۋەتتە. بىز ياپونىيىنىڭ ناجاۋۇزچىلىق تارىخىغا تاكى ھازىرغىچە توۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئۆكۈنمەيۋاتقانلىقىنى ھەتتا شۇ تەتۈرلۈكلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلىكلى- رىنى تارىخ دەرسلىكلىرى تۈزۈش يولى بىلەن پەردىلەپ كېلىۋات- قانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋېتەلمەيمىز. بۇ سەلبىي ئۆلگىدىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، جاسارەت بىلەن زىممىسىگە ئېلىش، غەيرەت بىلەن ئۆكۈنۈش تولىمۇ ئېسىل مالىي پەزىلەتتۇر.

«مال ـ دۇنيايىڭنى يوقاتساڭ ـ ئازغىنە ۋەسلىڭ يوقالغىنى،
شان ـ شۆھرىتىڭنى يوقاتساڭ ـ جىقراق ۋەسلىڭ يوقالغىنى،
غەيرىتىڭنى يوقاتساڭ ـ بار ـ يوقۇڭنىڭ قولدىن كەتكىنى»

دەپ، ماقالەمنى گيۆتىنىڭ شېئىرى بىلەن تۈگەتتىم.

---

ليۇشياۋبى قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فىليەتونلار» گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىل 23 ـ سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان. **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى.

## ئىزاھلار

① ئۆكۈنمەك ـ ئەرەبچە سۆز. پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق، ئېچىنماق، نادامەت چەكمەك، ۋىجدانىي ئازاب چەكمەك.

② لەنەت ـ نەپرەت ـ ئەرەبچە سۆز. ناچار ـ يارىماس قىلمىشلار، ئەيىب ھەرىكەت ۋە قىلىقلار، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۈچۈن بىلدۈرگەن قارغىش، مەنىۋى ھاقارەت، غەزەپ.

③ نادامەت ـ ئەرەبچە سۆز. ئۆز قىلمىشى، ئۇساللىقى ۋە پەس- كەشلىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلماق، روھىي ئازاب چەكمەك.

④ رۇسسو ـ ژان، ياكۇئېس رۇسسو (1778 ـ 1712)، فرانسۇز، مۇتە- پەككۇر، پەيلاسوپ، مائارىپچى، ئەدىب. ئۇنىڭ تەرجىمھال سۈپىتىنىڭ مەشھۇر «توۋۇنامە» ناملىق ئەسىرى بار.

⑤ بىغا ـ بىغىلىق، بالايىئاپەت، قوزغىلاڭ، ئۇرۇش.

⑥ شانۇ ـ شەۋكەت ـ ئەرەبچە سۆز. ئىززەت ـ ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ، نام ـ ئابرۇي.

⑦ تەئزىر ـ ئەرەبچە سۆز. بىراۋنىڭ خاتالىقى ياكى گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن دەككە، دەشنام، تەنبىھ، ئەيىبى ياكى خاتاسىنى ئېيتىپ ئەيىبلىمەك، قىرارتماق، ئۇيالدۇرماق، ئەدىپىنى بەرمەك. بۇ خەنزۇتىلىدىكى 批判 دېگەن ئاتالغۇنىڭ دەل توغرا تەرجىمىسى. ئەپسۇسكى، بۇ مەسىدىكى ئاتالغۇنى 批评 دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاشلا «تەنقىد» دەپ تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە سەۋەنلىكىگە يول قويۇپ كەلدۇق. بۇ سەۋەنلىككە يول قويىلىلى. چۈنكى批评 دېگەن ئاتالغۇدا تەئزىر، ئەيىبلەش دېگەن مەنە يوق؛ ئۇنىڭدا «تەھ- لىل قىلىش»، «باھالاش» دېگەن ئۇقۇملاردىكى مەنىلەر بار. بىرەر ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت، ئەسەر ياكى تەلىمات، نەزەرىيە، كۆزقا- راشلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى ۋە ياكى سەلبىي، ئۇتتۇق ۋە ياكى كەمچىلىك تەرەپلىرىگە بىرەر ئۆلچەمنى بىلەن قاراپ چىقىشنى، تەھلىل قىلىشنى ۋە باھالاشنى 批判 ئاتالغۇسىغا توغرىلاپ تەرجىمە قىلىش دورۇس بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە مەنىنى روشەن- لەشتۈرۈش ئۈچۈن 批判 دېگەن ئاتالغۇ «تەئزىر» بەرمەك دەپ قول- لىنىلدى. «تەنقىد»لىمەك دېگەن ئاتالغۇ 批评 غا قالدۇرۇلدى.

⑧ خۇاجونتۇۋ ـ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دەۋر سۈرگەن مەشھۇر كارىكاتۇرىچى يەنى ھەجۋىي رەسسام.


⑨ ۋېي جۇنيى ـ مەشھۇر ئەدىب، تەرجىمان، ئەدەبىي پائالىيەت تەشكىلاتچىسى.

⑩ تۆھمەت ـ ئەرەبچە سۆز. بىرەر مەسىلەڭ ياكى ئەقىدە يولدا ھالاك بولغان شەخس.

⑪ ئابىدە ـ ئەرەبچە سۆز. مەڭگۈ تاش، مەڭگۈلۈك خاتىرە بىنىسى.

⑫ شىكەستە ـ پارسچە سۆز. زىيان ـ زەخمەت.

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# پۇل تۇزۇتقان خىياللار

يۇسۇپجان سەمەت ئەفىيفي

پۇل باشاش ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، ھەق-
ھەتكە يارىدىمى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ مۇھىمدۇر.

— خاتىرەمدىن

1

قەدىمدىن تارتىپلا ئىقتىساد ئىنسانلار جەمئىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. تا ئۈچكۈز بىلەن يەر ئاغدۇرۇلىدىغان دەۋردىن باشلاپ، بۈگۈنكى پەن - تېخنىكا ئىختىرالىرىغا بىر قەدەر تويۇنغان دەۋرگىچىلىك ئىقتىسادنىڭ قىممىتى ئۆزگىچە ئىپادىلەندى. ئىلگىرىكى زامانلاردا كىشىلەر ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئىپتىدائىي ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق جان بېقىش ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كەلگەنىدى.

ئىنسانلار ئەيسىتىدىكى بايلىق ۋە بايلىق يارىتىشقا بولغان ھېرىسمەنلىك كېيىنچە بازار، شەھەر، مەدەنىيەت گۈللىنىشى ۋە ئالمىشىشى، ئۇرۇش، ئىتتىپاقلىق... قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈردى. بايلىقا - يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىنتىلىشچان كارۋانلار قەدىمكى زامانلاردا ئات، خېچىر، تۆگىلەرگە يۈك ئارتىپ، يىراق قىتئە - قىتئەلەرنى مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت رىشتىلىرى بىلەن باغلاپ تۇردى. جۈملىدىن بىزنىڭ بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز دەل سودا يوللىرى ئارقىلىق جاھانغا مەشھۇر «كارۋان بۈيۈك» - «يىپەك يولى»نى ئاچقانىدى. غەربلىكلەرمۇ ئاشۇ خىل بايلىق ۋەسۋەسىسىدە دېڭىز يوللىرىنى بويسۇندۇردى. گاھىدا كارۋانلارنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ رىيازەتلىك سەپەرلىرى جەڭ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرۈشلىرىدىنمۇ قىلىشمىدى.

تارىختا قارايدىغان بولساق، قانداقلا بىر مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇ مەدەنىيەت ئىقتىسادىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بوپتۇ. ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئۇلى تاناسىپلىق

ئاقار راك ئادىبىرلەر

تەسىر كۆرسىتىپتۇ. مەدەنىيەت ئىقتىسادنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئاساسى قىپتۇ.

ئىقتىساد بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئەڭ مۇھىم ۋە جەلپكار تېمىلارنىڭ بىرىدۇر. ھەرقايسى مەدەنىيەت، مىللەت، دۆلەت كىشىلىرى زور ئىجتىھاتنى ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتىغا سەرپ قىلماقتا. مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى ئەڭ ئاۋۋال تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دېھقان، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ياغاچچى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ تىكىمچى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىچى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆمۈرچى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تېۋىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سودىگەر ئىكەنلىكىنى، نوھنىڭ غايەت زور كېمە (ئاۋىئاماتىكا) ياسىغانلىقىنى، داۋۇدنىڭ يېڭى قوراللارنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، سۇلايماننىڭ كاتتا قەسىر سالغانلىقىنى، زۇلقەرنەيىنىنىڭ چوڭ توسما بەرپا قىلغانلىقلىرىنى دەلىل قىلىدۇ. غەززالىي دۇنيا تىرىكچىلىكىگە زۆرۈر بولغان بىلىملەردىن ماتېماتىكا، تېبابەت، ئاستورونومىيە، گېئولوگىيە... قاتارلىقلارنى پەرز كۇپايە، دەپ بېكىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: دېھقانچىلىق ئەڭ پاكىز، ھالال كەسىپ، دەپ قارىسا، بەزىلىرى: ھۈنەر ـ سەنئەت، دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى: تىجارەت، دېسە، بەزىلىرى: جەمئىيەت نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ، دەيدۇ.

بۇنىڭغا مۇتابىق ھالدا غەرب ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان يۈزلىنىشى تېخىمۇ قىزغىن ھەم مۇپەسسەلدۇر. ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، سىستېمىلاشقان كىتابلىرى، ئىقتىساد تەتقىقاتى ئورۇنلىرى، چېچى قالمىغان ئۇستاز ـ پروفېسسورلىرى بار. ھەرقايسى دۆلەت، مىللەت، قوۋمنىڭ ئىقتىساد ھەققىدىكى پىلان، پروگرامما، بەلگىلىملىرى بار. «ئىقتىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ» دەيدۇ كارل ماركس. ئۇ كۆپىنچە ئىقتىسادنى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرگە تەتبىقلايدۇ: «بىر كىشىنىڭ 100 مىڭ ئاكىر يېرى بولسا، يەنە شۇنچە فوندستېرلىڭ پۇلى، شۇنچە چارۋا مېلى بولسا ئىدى، ئىشچىسى بولمىغان باي كىشىنىڭ ئۆزى ئىشچى بولماي كىم بولاتتى؟ كىشىلەرنى بېيىتىدىغان ئىشچىلار بولغانلىقىدىن، ئىشچىلار قانچە كۆپ بولسا، بايلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ... كەمبەغەلنىڭ ئەمگىكى ـ باينىڭ كانىدۇر» (كارل ماركس: «كاپىتال» I توم 2 ـ كىتاب 400 ـ بەت، تاشكەنت «شەرق ھەققىتى» نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى). سەيمېل خانتىڭتون تۆۋەندىكىدەك قارايدۇ: «بايلىق خۇددى كۆچكە ئوخشاش، ئارتۇقچىلىقنىڭ دەلىلى، ئەخلاق ۋە ھەزارەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىلىدۇ» (سەيمېل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى، 166 ـ بەت). ئىقتىساد نەزەرىيىچىسى ئادام سىمىت بولسا: «يەر ـ قىممەتنىڭ مۇھىم مەنبەسى دەپ قارايدىغان بىزا ئىقتىسادى ئەلاچىلىقنى رەت قىلغان» (مىخائىل خارت: «100 مەشھۇر شەخس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 204 ـ بەت).

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى بالىسى (ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار)نىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى بولمىش يەھۇدىي ۋە ئەرەبلەر دەل سودىگەر مىللەتلەردۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئىقتىسادىي تەسىرى دۇنياغا مەشھۇردۇر. ئەرەبلەرنىڭ سودىگەر قوۋم ئىكەنلىكى «قۇرەيش» سۈرىسىدە زىكىر قىلىنغان.

دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى، ئۇچۇر تورى، دۆلەت ھالقىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كارخانىلار، پۇتبول مۇسابىقىسى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىۋاتقان پۇللار، كۇلۇبلار، كىنو كۆرىكى... قاتارلىقلار؛ شۇنداقلا، قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى، ئاچ ـ يالىڭاچ قىلىۋاتقان ئاۋام، ۋەيران بولۇۋاتقان تەبىئەت، ئوقۇشسىز نادان قىلىۋاتقان باللار... دەل ئىقتىسادقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر.

تارىختا ئىقتىسادىي ئويۇنلار كۆپ ئوينالغان. ئىقتىسادنىڭ تەسىرى گاھىدا ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئامېرىكا ئالياسكا شتاتىنى قانداقتۇر قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغان ئەمەس، بەلكى كۆپكۆك دوللارغا سېتىۋالغان. خوجىنياز ھاجى زامانىسىدىكى «80 قويغا بىر مىلتىق»مۇ ئاجايىپ كاتتا سودىدۇر. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، گاھى ئۇرۇشلاردا بىر تەرەپ غەلىبە قىلسىمۇ، ئىقتىسادىي چىقىمى كۆپ بوپكەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە «مەغلۇب» بولغان.

ئىلگىرىكى ئىقتىساد ئەھۋاللىرىغا كۆرە، جۇڭگونىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ۋە 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تېمكىن تەرەققىيات ھالىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ. «شەرقىي ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم تەرەققىياتلارنىڭ بىرى» دەيدۇ سەيمېل خانتىڭتون (سەيمېل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 163 ـ بەت). نېمە ئۈچۈن جۇڭگو قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ؟ مېنىڭچە:

1. تۈزۈلمىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئىسلاھات روھى مەدەت بولغان؛

2. پەن ـ تېخنىكا كىرگۈزۈشكە، ئۆگىنىشكە، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن؛

3. زاۋۇت ـ كارخانىلار كۆلەملەشكەن، ئەرزان ئادەم كۈچى، تەييار خام ئەشيا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. كۆلەملەشكەندە كارخانىلار يۇرۇشىدۇ ۋە رىقابەتلىشىدۇ؛

4. مەھسۇلاتلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشكە، سېتىشقا، تەشۋىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. نەتىجىدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە جۇڭگو ماللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى يېڭى كرىزىسلارنى ئېكەلدى. كاپىتال ئىزىغا ـ فائونىيتىگە كىرىپ بولدى. زامانىۋى ئىختىرالار تاۋارنىڭ رايونلار ئارىسىدىكى قىممەت پەرقىنى كىچىكلىتىۋەتتى. يىراق قىتئەلەردىكى مەھسۇلات بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى مەھسۇلاتنىڭ باھا پەرقى كۆپ پەرق قىلمايدۇ. 6000 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ چىققان، جۇڭگودىن قىرغىزىستانغا ئاپىرىلىدىغان رەختلەرنىڭ مېتىرىدا ئون تىيىن پايدا قىلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئىقتىسادىي ئىگىلىك ـ كاپىتال بىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ھازىر ياشاش بىر مەسىلىگە ئايلاندى. قانداق ياشاش تېخىمۇ بىر مەسىلىگە ئايلاندى. مانا بۇ خىل كرىزىس بىزنىڭ كىشىلىرىمىزگە، تۈزۈلمىمىزگە، مائارىپىمىزغا، جۇغراپىيىۋى مۇھىتىمىزغا، ئىجتىمائىيىتىمىزگە يېڭى ـ يېڭى سوئاللارنى قويماقتا.

ئۆزىنى «سودىگەر مىللەت» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار كاپىتالغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ ئۇلاردا ئىقتىسادىي ئاڭ، ئىگىلىك يارىتىش روھى قانچىلىك؟ ئىگىلىك يارىتىدىغان قابىلىيەت، ئىقتىدار قانچىلىك؟!... جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىسادىي ئاڭنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، بۈگۈنكى زامانچە توغرا ئىقتىسادىي ئاڭغا ئىگە بولمىغان، دۇنيا ھەققىدە تېخى تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان، ئۆزىدە مەلۇم دەرىجىدە پراگماتىستىك ـ پايدىۋىي مەنپەئەت روھىنى يېتىلدۈرمىگەن، قۇدۇقتىكى پاقىدەك ياشاۋاتقان كىشىلەر ساماندەك. شۇڭلاشقا بىزدە نامراتلار، ئوقۇيالماي نادان قېلىۋاتقانلار، داۋالىنالماي ئۆلۈۋاتقانلار، ئىسراپ بولۇۋاتقان دۆۋە ـ دۆۋە تالانتلار، توپىلىۋاتقان قورساقلار،

ئىللىمايۋاتقان بەدەنلەر، تۈزۈك پۇلنى سىغمداپ تۇتۇپ باقمىغان قوللار، غەمدىن قۇتۇلالماي ساڭگىلاپ كەتكەن باشلار بار: دۇنيا بۇزۇقچىلىقنى دۇنيا تىرىكچىلىكى قىلىۋالغان ئىقتىدارسىز كىشىلىرىمىز بار. تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاشۇ قۇمدا قانچىلىك ئىقتىسادىي ئاڭ بار دەيسىز؟ ئۇلار كۆپلەپ پۇل تېپىپ، چىڭراق دەسسەشنى ئۈمىد قىلامدۇ ياكى قورسىقىنىڭ تويۇپ، ئۇستىۋېشىنىڭ پۈتۈن بولۇشىنىمۇ؟

هالبۇكى، ئىقتىساد بىزگە قانداق زۆرۈر بولۇۋاتقان، هاياتىمىزغا، مائارپىمىزغا، ئىجتىمائىيىتىمىزگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شارائىتتا ئەينى دەۋردىكى بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زاهىدلارچە قاراشلارنى مەتبۇئاتلىرىمىزدىنمۇ ئۇچرىتىپ كېلىۋاتىمىز. پۇلغا باغلانغان بەزى كىشىلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقى، يامان ئىللەتلىرى پۇل ـ ئىقتىساد توغرىسىدىكى ناتوغرا بايانلارغا سەۋەب بوپقالماقتا. بۇ، كىشىلىرىمىزنىڭ توغرا ئىقتىساد ئېڭىغا يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە. «پۇل ـ بارچە يامانلىقنىڭ مەنبەسى» دەپ يازىدۇ بىراۋلار. يەنە قايسى سەھىپىنى ۋاراقلايمىز؟

ئەينى دەۋردە هىندىستان بۇددالىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم سوپى ـ ئىشانلار راهىبلارچە تەركىدۇنيا بوپكەتكەندى. هەتتا پادىشاھ ئىبراھىم بىننى ئەدھەم پادىشاھلىقنى تاشلاپ، چۆللەردە سەرسان بولغانىدى.

بىزدە باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا پۇل تېپىش، پۇلغا بولغان قىزغىنلىق بىر قەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئىقتىساد ھەققىدە مۇپەسسەل بايانلار، سىستېمىلىق نەزەرىيىلەر كىتاب قىلىپ پۈتۈلمىدى.

دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ۋاستىلىرى ھەققەتەن كۆپ. ئۇيغۇرلار كۆپىنچە سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، يەنە بۇلسەك ئاشخانا ئېچىش، ساتراشلىق... دېگەندەك كەسىپلەرنى ئۆز تۇرمۇش ۋاستىسى قىلىپ تاللىغان. مانا بۇ كەسىپلەر ئۇلارغا مەڭگۈ ئەسقاتامدۇ؟ بىز بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەكچى، بىز توغرا تىرىكچىلىك ۋاستىسىنى تېپىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يىلتىزلىق، ئىستىقباللىق كەسىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا ھەرقايسى جەھەتتىن ئىسراپچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. ئىستىقباللىق كەسىپ دېگەن نېمە؟ ئەلۋەتتە ھاياتتا مۇتلەق ئىستىقباللىق كەسىپ بولمايدۇ. كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز، كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆز كەسىپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ بازار ئېچىشى، ئېھتىياج شەكىللەندۈرۈشى، قىممەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشى، ئارىزىيى (قوشۇمچە) نەرسىلەرگە قارىغاندا ئىنسانغا مەڭگۈ ياكى بىر قەدەر ئۇزاق ئەسقاتىدىغان يىلتىزلىق ئىشلارنى تاللاش ئوبيېكتى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. لەيلىمە تۇرمۇش ۋاستىسى، لەيلىمە تىجارەت بىزنى ھالاكەتكە باشلايدۇ. ھالاكەتكە باشلىمىسىمۇ، رولىمىز، يارىتقان قىممىتىمىز كۆپ بولمايدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ چوقۇم مەلۇم كەسىپى بولۇشى كېرەك. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دېھقان، ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ سودىگەر بولۇشى ۋە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىشى، بىزنى يېڭى پىكرىي بوشلۇقلارغا ئەكىرسە كېرەك.

دۇنيانىڭ، جۈملىدىن ئىقتىساد، تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىقنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ. قانۇنىيەت ـ تەقدىر دېمەكلىكتۇر! بىز دەل قانۇنىيەتنى بىلىشىمىز، شۇ بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىمىز كېرەك. «كاجىنى بازار ئوڭشايدۇ» دېگەندەك، بازار ئىنسانلار جەمئىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەپ تۇرىدۇ.

مەھشەر ئاخىرەتتە روھىيەتنى جىڭلايدىغان ئورۇن بولسا، بازار بۇ دۇنيادا ئىقتىدار ـ قابىلىيەتنى سىنايدىغان سورۇندۇر (بۇ يەردىكى «بازار» كۆز ئالدىمىزدىكى بازاردىن ھالقىغان بازارنى كۆرسىتىدۇ). بىز پۇل، يەر ھەققىي بايلىق دېگەن قارىشىمىزدىنمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ كۆپچىلىك خەلقىمىز، دېھقىنىمىز، چارۋىچىمىز ئەلۋەتتە ئىقتىسادقا ۋە توغرا ئىقتىسادىي ئاڭغا موھتاج. ئۇلار رەھبەرلەردىن، زىيالىيلاردىن، ئۆلىمائىي كىراملاردىن، كاپىتالىستلاردىن ئۆز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى، ناھىيە بازارلىرىدىكى تۈۋەن ئىستېمال، نامراتلىق، قالاقلىق ھالەتلىرى سۇغا تەشنا تەكلىماكان توغراقلىرىدەك ئۈن ـ تىنسىز كىشىلىرىمىزگە سوئال تاشلايدۇ:

كەلگۈسىمىز قانداق بولىدۇ؟ بالىلىرىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرىدۇ؟ دۇنيا بىزگە نېمىلەرنى بېرىۋاتىدۇ، بىز نېمىلەرنى بېرىۋاتىمىز؟ رېئال دۇنيادىكى ھاياتلىق رىقابىتى ۋە باشقا دۆلەت، قوۋملار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە بىزگە قانداق مەنپەئەت ۋە خىرىس ئەكېلىدۇ؟ بىزگە ئەڭ زۆرۈر بىر نەرسە نېمە؟...

ھەي... ي! ئاشۇ قوۋم چىمىلىق مەيدانلاردا گولف توپ ئوينىمىسىمۇ، قىپقىزىل (100 يۈەنلىك) پۇللارنىلا ئەمەس، كۆپكۆك (دوللار) پۇللارنى خەجلىسە ئىدى ـ ھە؟!...

پۇل! پۇل!! پۇل!!!...

2

تۆت ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرىدىغان تاشلىق ئاتۇش زېمىنى بىر قارىماققا مەككە ئويمانلىقىدەك كۆرۈنىدۇ. قۇياش ھەركۈنى ئالتۇن نۇرلىرىنى بۇ ئاتەشلىك زېمىنغا سېپىپ، كەچقۇرۇنلۇقى قىپقىزىل پېتىپ كېتىدۇ. بوستانلىقلارنى ئانا ماكان قىلغان ئاتۇش خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەت، سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق تىرىكچىلىكىدىن باشقا باغۋەنچىلىك ـ ئۈزۈمچىلىك تىرىكچىلىكىنىمۇ تۇتۇپ كەلمەكتە. قايسىبىر يىلى ئۈزۈمنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن كىشىلەر باغلىرىدىن باشقا مېۋىلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغىمۇ ئۈزۈم قويۇشتى. ئاتۇش ئاق مۇناقى ئۈزۈمىنىڭ بىر قانچە يىللىق كىرىم ئەكېلىشى ئاتۇشنى غايەت زور ئۈزۈم ئامبىرىغا ئايلاندۇردى.

كىشىلەر باش ئەتىيازدىلا ئۈزۈم تاللىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ تەييارلىقلىرىغا چۈشۈپ كېتىدۇ: يىراق ـ يىراقلاردىن ياغاچ ئەكېلىپ باراڭ ياسىشىدۇ. ئاچىلىرىنى سېمونتتىن قويۇشىدۇ. قىرغىز يايلاقلىرىدىن ئوغۇت (قىغ) يۆتكەپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۆز ئوغۇتى باغلارغا يېتىشمەيدۇ. باراڭنىڭ ياسىلىشىغىمۇ خېلى كۆپ پۇل سەرپ ئېتىلىدۇ. تاللار ئاستا ـ ئاستا كۆكىرىپ ساپاق چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئۇنى قەرەللىك سۇغىرىپ تۇرىدۇ. ئۈزۈم ساپاقلىرىنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالغانلىرىنى تۈۋەنگە ساڭگىلىتىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، كۆزدە كەسكەندە كۆپ ئىسراپچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئۈزۈم يىغىنغاندىن كېيىن سېپىقلىرىنى ئادالاش، غازاڭ ـ شاخلىرىنى پۇتاش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا «ئۈزۈم يوپۇرماقتىن كۆپ» (ئابلەت ئابدۇللا: «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2004 ـ يىل 5 ـ سان 6 ـ بەت) كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كۈن نۇرى تولۇق چۈشكەندە ئۈزۈم ياخشى پىشىدۇ. ھەر دائىم تال ئاياغلىرىنى يۇمشىتىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ. كۈندەش ھايۋان ـ ھاشاراتلاردىن

قەرەللىك مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ...

قىسقىسى، ئاتۇش خەلقىنىڭ ئەتىيازدىن بېرىقى ھاياتىنى ئۈزۈم ھەققىدىكى ھايات دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا كىمنىڭ قانداق ئۈزۈم ساتقانلىقى، قانچە پۇل كىرىم قىلغانلىقى، كىمنىڭ زىيان تارتقانلىقى، كىمنىڭ ئۈزۈمى ئەڭ سورتلۇق بولۇپ، باھالاشتا بىرىنچى بولغانلىقى، ئۇنى سېتىشتا قانداق ئامال _ چارىلەرنى قىلغانلىقى، قوشنىلار ئارىسىدىكى رىقابەت، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، باراڭ ياساش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، پۇتاش، چاتاش توغرىسىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق پاراڭ بولىدۇ. ئۈزۈم ئاتۇشتا دىققەت مەركىزىدىكى چوڭ بىر تېمىدۇر. ئاتۇش خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى ئۈزۈم بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

كۈز ئايلىرى كېلىشكە باشلاپ، ئۈزۈم سۇپسۈزۈك ئاقىرىپ پىشىدۇ. يېزا يوللىرىدا، دوقمۇشلاردا نۇرغۇن يەشىك يۈكلەنگەن يۈك ماشىنىلىرى پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر ئۈزۈملىرىنى سېتىش جەريانىدا ھەرخىل روھىي ھالەتتە بولىدۇ: ھودۇقىدۇ، تەۋەككۇل قىلىدۇ، قورقىدۇ، خۇشال بولىدۇ... گاھىدا سارغىيىدۇ... ئۈزۈم سېتىۋالغۇچىلارنىڭ كېلىشىنى بىلمەي مەرۋايىتتەك سۈزۈك ئۈزۈم غوجۇملىرىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن نەچچە باغ ئۈزۈمنى باشتىن _ ئاياغ ئۆز قولى بىلەن كېسىپ يەرگە قويۇشىدۇ. ئورۇق _ تۇغقانلار بۇ كۈندە خۇددى كاتتا توي بولغاندەك بىر _ بىرىنىڭكىگە بېرىپ ياردەملىشىدۇ. ئۇلار بۇ كۈندە خۇددى بىر يىللىق جاپا _ مۇشەققەتنى ئارتىمىغاندەك، پۈتۈن بىر كۈن ياكى بىرنەچچە كۈن ئىشلەيدۇ. ئىشلار تۈگەپ، ئائىلىلىرىدا قىپقىزىل پۇللارنى كۆرگەندە بارچە جاپا _ مۇشەققەتنى ئۇنتۇيدۇ. ئاندىن يېڭى تۇغۇلغاندەك بولىدۇ.

ئەنە شۇ پۇللارغا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ _ ئارمىنى مۇجەسسەملەنگەندۇر. شۇ پۇلنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بالىلىرىغا ئەۋەتىشى كېرەك، ئۇنىڭغا توي قىلىشى ياكى ئۆي يېڭىلىشى كېرەك، ئېلىم _ بېرىملىرىنى ئادا قىلىشى، كەم _ كۈتىلىرىنى تولۇقلىشى كېرەك. كەلگۈسى پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك... ئىشقىلىپ شۇ پۇللاردا تۈمەنمىڭ خىل ئارزۇ _ ئارمان قاينايدۇ.

ئاتۇشتا يەر ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىس. ئاتۇش خەلقى يەردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى. ئۈزۈمدىن مەلۇم قىممەت ياراتتى. لېكىن ئاخىرقىچىلىك ئۈزۈم بىردىنبىر چىقىش، تىرىكچىلىك يولى بولالامدۇ؟ كىشىلەر: «ئۈزۈمنىڭ كىلوسى ئىككى يۈەن بولغاندىمۇ، بۇغداي تېرىغاندىن كۆپ ياخشى، قىممىتى زور» دېيىشىدۇ (ئادەتتە ئۈزۈمنى 3.3 يۈەندىن 2.5 يۈەنگىچىلىك سېتىشاتتى). لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئۈزۈمنىڭ باھاسى (ئاز نىسبەتتە بولسىمۇ) يىلدىن يىلغا تۆۋەنلىمەكتە (بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بۇ يىل 2.4 يۈەندىن سېتىپتۇ). يىلدىن يىلغا ئۈزۈم سېتىش تەس بولماقتا. دېھقانلىرىمىزنىڭ، كىشىلىرىمىزنىڭ باشلىرى قاتماقتا (تاغاملار بۇ يىل ساتالماي، توڭلىتىش ئىسكىلاتىغا قويۇپتۇ). گاھىدا ئۇششۇك تېگىپ كېتىشتەك تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ ئۇنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. شۇنچە كۆپ ئۈزۈم سېتىلىش ئوبيېكتىنى تاپالمىسا، قانچىلىك ئىقتىسادىي زىيان بولىدۇ؟ «ئاتۇش خەلقى باشقا يۇرت خەلقلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر ھاللىق، ئۇلارنىڭ دېھقانلىرى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈزۈمدىن 7000 _ 10 مىڭ يۈەنگىچىلىك كىرىم قىلىدۇ» دېيىلىدۇ. ئەگەر سىز ئاۋام خەلقنىڭ ھال _ ئەھۋالىنى بىلەي دېسىڭىز، يەكشەنبە كۈندە «دېھقانلار بازىرى»نى يېرىم كۈن ئايلىنىسىڭىزلا كۇپايە!

باشقا سودا سارايى، بازارلىرىدىمۇ بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بىر مورىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقارغۇچە مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدىغان نامراتلارمۇ كۆپ.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

1. ئاتۇش خەلقى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ بازار ئېچىشى، ئۈزۈم بازىرىنى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتىشى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر (بۇ قىلىندى) ۋە چەت ئەللەرگە كەڭ كۆلەمدە يۈزلىنىشى كېرەك؛

2. ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى بىر قەدەر ياخشى بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئىپتىدائىي ئىگىلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىگىلا قارىماستىن، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇرۇشى ۋە بازار ئېچىپ كېڭەيتىشى كېرەك؛

3. ھاسىل بولغان كىرىمگە ئاساسەن باشقا تىرىكچىلىك يوللىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇشى، يەنى بالىلىرىنى ئوقۇتۇشى، مائارىپقا، پەن _ تېخنىكىغا، ھۈنەر _ ماھارەتكە ۋە باشقا پايدىۋى ئەقئاللارغا مەبلەغ سېلىشى كېرەك؛

4. ئۈزۈم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىپتىدائىي ياكى غەيرىي ئىپتىدائىي ئىگىلىكنى مەڭگۈلۈك ئىگىلىك _ بايلىق دەپ قارىماستىن، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ بايلىقلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىرىشى، بىلىم بايلىقىدىن، مېڭە بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيادا ئۇلارغا غايەت زور ئۈزۈم ئامبىرىغا قارىغاندا، مېڭە ئامبىرىدىكى قىممەت بەكرەك ئەسقاتىدۇ. ئۈزۈمنىڭ _ بىر تۈپ دەرەخنىڭ مەلۇم ئۆمرى، ۋاقتى بولىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر ئۈزۈمنى ئاساسلىق يېمەكلىك دەپ ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە مېۋە دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئىنسان مېڭىسى، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك قىممەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلالايدۇ!...

باشقا شەھەرلىرىمىزدىكى ئىگىلىكمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك.

* * *

چاڭشۇ چاڭجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان كىچىك بىر شەھەر بولۇپ، يۇشەن تېغى باغرىدىكى تۈزلەڭلىكتە سونايلىنىپ ياتىدۇ. يۇشەن تېغى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، ئورمانلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ باغچا شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندۇر. تاغ تۆپىسىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول، ئۇنىڭدا چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ يولدىن ئەتراپقا چۈشكىلى بولىدىغان چىغىر يوللار بار... ئۈستىگە چىققاندا پۈتكۈل چاڭشۇ شەھىرىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. شەرق تەرەپكە قارايدىغان بولساق، يوپيورۇق يېنىپ تۇرغان چىراغلىق ئالىي تاشيول بىلەن شاڭخەيگە، جەنۇبتىن سۇجۇغا، غەربىي شىمالدىن جاڭجياگاڭغا چىقىدىغان يوللار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئارقا تەرىپىدە گۈزەل شياڭخۇ كۆلى يېنىك تىنىپ، جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. تاغ باغرى ۋە كۆل ئەتراپىغا بايلارنىڭ داچىلىرى، مېھمانسارايلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەممە يەر ياپيېشىل بولۇپ، تاش يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر ۋە يېشىللىق تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ، گۈللەرگە پۈركىنىپ تۇرىدۇ.

كۆپىنچە ياز ئاخشاملىرى يۇشەن تېغى تالاي ئادەمنى كۈتۈۋالىدۇ. بىزمۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر _ ئىككىلەن بولۇپ ئايلىنىمىز. ئەتراپ ياپيېشىل چىملىق بولۇپ، ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ يەر يۈزىگە ياڭراتقۇلار قويۇلغان. ئۇنىڭدىن پەيدەك يەڭگىل مۇزىكىلار چېلىپ، كېچە ئاسمىنى ھاۋاسىغا زىننەت بېغىشلايدۇ. بۇ يەردىن چاڭشۇنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈش تولىمۇ ئارامبەخش. تۆپىلىز _ كەڭ ئاسفالت يوللاردا ماشىنىلار ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرىدۇ. چاڭشۇنىڭ بىنالىرى ئۇنچە ئېگىز

بولمايدۇ. شەھەر ئوتتۇرىسىدا شاڭخەينىڭ مەركىزىي كوچىسى ـ نەنجىڭ كوچىسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بەش يۇلتۇزلۇق كوچا بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئەڭ ئاۋات رەستىدۇر. چوڭ مەيداندا ئىككى قەۋەت ئېگىزلىكتىكى تېلېۋىزور كىشىلەر مەنزىرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا مەرمەر بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەرخىل كۇلۇبلار، ئاشخانىلار، كىتابخانا ـ كۆتۈپخانىلار، كىنوخانا، سودا سارايلار بار. ماڭا نىسبەتەن بۇ شەھەرنىڭ بىردىنبىر يېڭىلىق بەلگىسى سۈپىتىدە قەدىمكى رىكشىنىڭ ئورنىدا، ۋېلسىپىتلىك پەيتۇن خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالدى.

«مۇشۇ ئەتراپتىكى ئىقتىساد بىزنىڭ ئاتۇشتايوق» دەيدۇ، شەھەر كۆرگەن چوڭ كاپىتالىستلار ئايالىنغاچ (بەلكىم بۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن). ئۇنداقتا بۇ ئىقتىساد قەيەردىن كەلگەن؟

بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگىنىمدە ھېس قىلغىنىم شۇكى، ئادەملەر كۆپ ۋە ئالدىراش ئىدى. قەيەرگە قارىسا ئاۋات. شۇنداقلا ھەممە يەردە شىركەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. چاڭشۇدا دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلەر بار. بوسىدىڭ شىركىتىنىڭ باش ئورنى دەل چاڭشۇدىدۇر. چاڭشۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىراق ئورۇنلاشقان جاۋشاڭچېڭ (دەرىجىدىن تاشقىرى توپ تارقىتىش مەركىزى)نىڭ سودىسى ئىنتايىن قايناق بولۇپ، چۈشكىچىلىك چوڭ سودىلار بۇنىڭ ئىچىدە تاماملىنىدۇ. پۇللار سۇدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. قەيەرگە قارىسىلا كىشىلەرنىڭ تىكىش ماشىنىسى بىلەن ئىشتان ـ چاپان تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز كىيىۋاتقان ۋە سېتىۋېلىۋاتقان ئىشتان ـ چاپانلاردىن بىرەر يۈزنى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر ئاخشامدا تىكىپ، پۈتتۈرۈپ بولىدۇ.

جۇڭگودا جياڭنەننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەرەققىي قىلغان. جۈملىدىن چاڭشۇ شەھىرى رەخت توقۇش، سېتىش مەركەزلىرىنىڭ بىرىدۇر. شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىنى يىپ ئىگىرىش، يىپ سېتىش، رەخت توقۇش، موينى قىرقىش، بوياش، موينى ئۆزە قىلىش... زاۋۇت ـ ئورۇنلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. توقۇش، يىپ ئىگىرىش زاۋۇتلىرى شەھەر ئىچىدە بولسا، بوياش، رەڭ بېرىش، نۇسخىلاش زاۋۇتلىرى شەھەر سىرتىدىكى يېزىلار ۋە چەترەك ئورۇنلاردا بولىدۇ. چاڭشۇ شەھىرىدە بىر نەچچە تەرەققىيات رايونى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانائەت، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پىلانلىق رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى بىر قەدەر ساپ ۋە تازا. بەلكىم بۇ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىتنى ئانچە بۇلغىمايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ھەر ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن ياكى بىر نەچچىدىن ئىلغار توقۇش ماشىنىسى بولىدۇ. مەيلى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بولسۇن، مەيلى ئائىلىدە رەخت توقۇيدىغانلار بولسۇن بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن، كۆلەملەشكەن، مەلۇم قانۇنىيەتكە كىرگەن. يىپ (ئاق مال)نىڭ باھاسى نېفىتنىڭ باھاسىغا ئوڭ تاناسىپ: ئۆرلىسە ئۆرلەيدۇ، چۈشسە چۈشىدۇ. مېنىڭ ھەر كۈنى كۆرىدىغىنىم ئالدىراش كىشىلەر، رىقابەتلىك تۇرمۇش، تىكىلىپ تۇشۇلۇۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەر، توقۇلۇپ يۆتكىلىۋاتقان، چوڭ يۈك ماشىنىلىرىغا بېسىلغان خىلمۇخىل رەختلەر... ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى، ئىرانلىقلارمۇ ناماز ئوقۇيدۇ، جايناماز لار بۇ يەردە ئىشلىنىدۇ. توقۇش ماشىنىلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، توقۇلۇپ چىققان مالدا مەلۇم پەرق بار. خۇددى باشقا تونۇر نانلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، بوياش زاۋۇتلىرىنىڭ رەڭلىرىدىمۇ (ئاز نىسبەتتە) (ئوخشاش رەڭدە دېمەكچى) پەرق بار. رەڭ بىر تىلسىملىق سىردۇر. ئاساسلىق رەڭ 12 بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىز سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ خىل رەڭنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

شىركەتلەر ئاساسەن ئېچىۋېتىلگەن، كىرىپ ـ چىقىش، زىيارەت قىلىش، ئىش بېجىرىش ئىنتايىن ئوڭاي. ئۇلار مەخسۇس پىلانلانغان پروگرامما بويىچە ئىش بېجىرىدۇ، مۇئامىلىدە ياخشى. مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرى، باشقۇرغۇچىلىرى، بازار ئاچقۇچىلىرى بولىدۇ، خېرىدار كۆپەيتىشكە، جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

قىلىش ۋە قۇرۇش باشقا گەپ، يۈرۈشتۈرۈش يەنە باشقا گەپ. چاڭشۇدا «دارىنغا» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر تاللا بازىرى بولۇپ، كۆلىمى ئۈرۈمچىدىكى «كاررېفور»دىن سەللا كىچىك، ئەمما سودىسى «كاررېفور»نىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن. ھەر دائىم كىرسىڭىز، 20 نەچچە پۇل ئېلىش ئورنى بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. بەلكىم دېيىشەر: «ئۇ يەردە ئىستېمالچىلار كۆپ» دەپ. ئۈرۈمچىدە ئازمۇ؟ كېيىن چاڭشۇدا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر تاللا بازىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، كىرىمى دارىنغانىڭكىدەك بولمىدى. نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ مەھسۇلاتلار ئوخشاشقۇ؟ بۇ ئامەتمۇ؟

مەن مۇنداق ئويلىدىم: بۇلار ھەر بىر ئىشنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ماللارنى قانداق تىزىش، قەيەرگە تىزىش، باھاسىنى قانداق قىلغاندا ئەڭ مۇۋاپىق قويۇش... دېگەنلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى خېرىدارلارنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئۇزاق يىللىق خېرىدارلار ئىشەنچىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنى شياڭگاڭلىق بىر خەنزۇ ئاچقان بولۇپ، باشقا شەھەرلەردە تارماق ئورۇنلىرىمۇ باركەن. بازىرى ئوخشاشلا قايناق ئىكەن... بۇ يەردە «ئارمان»، «ئىخلاس» شىركەتلىرىنىڭ بىرمۇ مەھسۇلاتىنى ئۇچراتمىدىم. بەلكىم ئۇلار ھەقىقىي تۈردە بازار ئېچىشقا يۈزلەنمىگەن، ئۆز شەرت ـ شارائىتى بىلەن كۆپايلەنگەن بولسا كېرەك.

چاڭشۇ شەھىرى ئاھالىسى باشقا يۇرت كىشىلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر ھاللىق. ئۇلار مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە. ئۇلارنىڭ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەيدىغانلار (كۆپىنچە) باشقا يۇرتتىن. ئەنخۇيدىن كۆپرەك. بۇ يەردە: «ھۆكۈمەت كەمبەغەل، پۇقرالار باي» دېگەن بىر گەپ بار. بەلكىم بۇ ئاۋامنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك تاپاۋەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشارە بولسا كېرەك. ئۇلار مەكتەپلەرنى قايناق، ئاۋات، شاۋقۇنلۇق رايونلارغا ئەمەس، جىمجىت، گۈزەل چەت رايونلارغا سالىدۇ، مەكتەپ قۇرۇلۇش مۇئەسسەسىلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بەلكىم ئوقۇرمەنلەر بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ھەممىلا كىشى باي بولۇشى ناتايىن، دېيىشى مۇمكىن. دەرھەقىقەت، باي ـ نامراتلىق زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل قانۇنىيەت. ئۇلارنىڭمۇ ئاجايىپ نامراتلىرى بار. مەن ئەخلەت دۆۋىسىنى ۋاقىتلىق كەپە قىلىپ، تاشلاندۇق سەي ـ كۆكتاتلاردىن سەي قورۇۋاتقانلارنى كۆرۈپ، دۆڭنىڭ بايلار بىلەن نامراتلار ھەققىدىكى قايسىدۇر بىر مەشھۇر تەمسىلنى ئېسىمگە ئالغاندىم.

مانا بۇ خىل مۇھىتتا داڭلىق ماركىلىق پىكاپلىرىنى ھەيدەپ يۈرىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزدىن مۇستەسنا ھالدا دوقمۇشلاردىكى كاۋاپچىلار، يانچۇقچىلار، ئۇلار بىلەن ساقچىلارنىڭ تۇم بىلەن جېبۇرىيدەك مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويىنىشى ۋە ئاخىرىدا يەنە بىرلىشىشى، ئانچە ـ مۇنچە غىل ـ پال پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىدىغان شىنجاڭلىق «تازىنىن»لار غەلىتە قىستۇرما بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

قىسقىسى، چاڭشۇ شەھىرى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات بورىنىنىڭ

تەسرىدىن خېلىلا ئۇنتۇلۇك پايدىلانغان. ئاڭلىشىمچە (بېشقەدەم سودىگەرلەردىن سورىشىمچە)، بۇ شەھەر تۆت ـ بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنچە ئەمەسكەن. ئەتراپىنى سازلىقلار قورشاپ تۇرىدىكەن... ئەمما هازىرقى شەھەر قىياپىتى ئۇ تەسۋىرلەردىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى.

يەنە بىر ھېس قىلغىنىم شۇكى، ھەر بىر كىشى ئۆز كەسپىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. خەۋەر، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى (ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ھەيدەيدىغانلار ئىش كۈتكەچ، تىنماي گېزىت ئوقۇيدۇ). كۆپىنچە كىشىلەر ئاددىي ـ ساددىلىقتى تۇرمۇش يولى قىلغان بولۇپ (ئاز ساندىكىلەر ئۇنداق ئەمەس)، كۆڭلىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىق ھەققىدىكى بايانلىرى قۇلىقىدا تۇرغان بولسا كېرەك. چوڭ ـ چوڭ زاۋۇت ئىگىلىرى ماۋزېدۇڭ زامانىسىدىكىدەك تۆت يانچۇقلۇق چاپانلارنى، لاتا خەيلەرنى كىيۋالاتتى. زاۋۇتلىرىدا كورىيىنىڭ زامانىۋى رەخت توقۇش ماشىنىلىرى بىلەن بىرگە، ئەتراپىدا كۆجە ئىسلىرى چىقىپ تۇرىدىغان ئەنيىيا ـ ئەۋلىيالىرى، بۇدساتۋالىرىنىڭ بۇتلىرى بولاتتى.

چاڭشۇ شەھىرى شۇنچە گۈزەل، يېرىم باغچا شەكلىلىك بولسىمۇ، يۇشەن تېغى باغرىدىن باشقا يەرلەردە تاماشا قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆپ كۆرگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولسا كېرەك. يۇرتلاردا بولسا كىشىلىرىمىز بىر سۆگەت ياكى ئۆستەڭ بويىنى تېپىۋالسا ئويۇن ـ تاماشىنىڭ سورۇنى قىلىۋالىدۇ. رايونلار ئارا تەرەققىيات پەرقى بولسىمۇ ئويۇن ـ تاماشادا كۆپ پەرق بولمىسا كېرەك. شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. دوقمۇشلاردا: «چاڭشۇ شەھىرىنى خەلقئارالىق باغچا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى!» دېگەن ئېلانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

* * *

دەسلەپ شاڭخەي ئايرودرومىغا چۈشكىنىمدە ئۇنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ماڭا ھاياجانلىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغانىدى. يېرىم كېچە بولغاچ چاڭشۇ شەھىرىگە يول ئالغانىدىم.

ئارىلىقتا سۇجۇ، شاڭخەي شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ شەھەرلەر چاڭشۇدىن كۆپ ئىلغار ئىدى. شاڭخەي شەھىرىنى زىيارەت قىلغان يېرىم كۈنلۈك ۋاقىت مەندە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. بىنالار تولىمۇ ئېگىز، كۆركەم، چىرايلىق ئىدى. قەۋەت ـ قەۋەت ئالىي تاشيوللار چىرمىشىپ كېتەتتى. بىر دوقمۇشتا يەتتە قەۋەت يولنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. دىققەت قىلمىسا ئادەم ئاسانلا ئېزىپ قالىدۇ. سودا سارايلارنى ئايلاندىم. كىيىم ـ كېچەكلەر، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى... تولىمۇ قىممەت، پۇلپەز ئەمما نەپىس ئىدى. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان مەھسۇلاتلار بازارلىق ئىدى. سۇجۇدا جيەنلۇڭ خاننىڭ ئەينى چاغدا سالدۇرغان بازلىق ئارامگاھىنى ئايلانغىنىمدا، باغچا خادىملىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچ چىقارغانىدى. مەدەنىيەت ـ مەنپەئەت ـ پۇل بولۇۋاتاتتى. مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىش، ئۇ ئارقىلىق قىممەت يارىتىش ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش زامان تەلىپى ئىدى.

بەلكىم شاڭخەي بىلەن ئۈرۈمچىنى، سۇجۇ بىلەن قەشقەرنى سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك نېمىمۇ ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن.

3

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار رىيازەتلىك سەپەرلەرنى قىلىپ، ئۆز رىزقىنى تىلەپ، يېرىم مۇساپىرچىلىق ھاياتتا قىممەت ياراتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىر تارىخىي ۋە ھادىسىۋىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە بىر نىمە دېمەك ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. ئەمما مەن كۆرگەن ۋە بىلگەن بىر قىسىم سودىگەرلىرىمىز ھەققىدە ئىككى كەلىمە دېيىش مۇۋاپىق دەپ ئويلايمەن.

چاڭشۇ شەھىرىدە خېلى كۆپ ئۇيغۇر سودىگەر بولۇپ، ئۇلار ھايات دېڭىزلىرىدا تاسقىلىپ، بۇ يەرگە توپلانغان. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئەگرى ـ توقاي. مانا بۇ ئەگرى ـ توقايلىق ئۇلارغا تۇرغۇنلىغان خىسلەتنى ئىنئام قىلغان. مەن بىر نەچچە سودىگەرنىڭ نەچچە قېتىم ۋەيران بولۇپ، قايتا باش كۆتۈرگەنلىكىگە ھەيران قالدىم. ئەلۋەتتە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئىقتىدار ۋە پۇرسەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. ئۇلارنىڭ بىر جۈپ ھېرىسمەن كۆزى بولىدۇ. كاللىسى جىم تۇرمايدۇ. مەن سودىگەرلەر بىلەن بىللە يۈرۈش جەريانىدا، نېمە ئۈچۈن پروفېسسورلىرىمىزغا قارىغاندا سودىگەرلىرىمىزنىڭ چېچىنىڭ بەكرەك چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار بېغىشلىق يارىتىش ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ـ تىنىم تاپمايدۇ. كۆپىنچە ئەمەلىي ئىشقا ئىشىنىدۇ. نەزەرىيىگە ئانچە قىزىقمايدۇ. ئۇلارچە: «نەزەرىيە زادى قانچىلىك ئىش قىلىدى؟!» بۇ قاراشنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كېتەلمىسەممۇ، توغرىلىق ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقى ئايان ھەقىقەتتۇر. كىشىلەر بۈگۈنكى دەۋرنى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دېيىشىدۇ. «بىلىم» نەزەرىيىنى كۆرسەتسە، «ئىگىلىك» دەل ئەمەلىيەتنى كۆرسىتەتتى. روھقا ۋە مەنپەئەتكە ئايلانمىغان بىلىم ھەققىي بىلىم بولالمايتتى. ئەنە شۇ سودىگەرلەر بۈگۈن چاڭشۇدا بولسا، ئەتىسى سۇجۇدا، جېجياڭنىڭ خېبىنىڭ، كېچياۋ شەھەرلىرىدە، خاڭجۇدا ياكى نەنجىڭدا بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ئاساسەن «BMW»، «Nissan»، «Bora»، «Toyota»، «BUICK»... دېگەندەك ماشىنىلىرى بولۇپ، ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ باشقا يۇرتلاردىكى ساباتى كىشىگە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم سودىگەرلەر توقۇل قىرغىزىستانغىلا ئەمەس، قازاقىستانغا، تاجىكىستانغا، ئۆزبېكىستانغا، رۇمىنىيىگە، لاتۋىيىگە، رۇسىيىگە ۋاگون ـ ۋاگونلاپ مال تارتىدۇ. ئەنە شۇ بازارلارنى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاچقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەسلەپ مال تارتىپ ئېھتىياج شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىياغا تارتىلىدىغان ماللار پويىز بىلەن، موسكۋا، رۇمىنىيىگە تارتىلىدىغان ماللار پاراخوت، ئاندىن پويىز بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ. شاڭخەي پىرىستانىدا تۈمەنلىگەن ۋاگون مال قاتارىدا ئۇيغۇر ماللىرى پاراخوتقا بېسىلىپ، پاراخوت بىلەن تەڭ ئۇيۇققا سىڭىپ كېتىدۇ... شۇ ماللاردا تۈمەنىمىڭ ئارزۇ قاينايدۇ...

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودىنى ئىنتايىن رەتلىك، پاكىز، ھالال قىلىدىغان كىشىلەر بار. سودىدىكى رەتلىكلىك ۋە پىلان بويىچە ئىش قىلىش يېرىم غەلىبىدۇر. بۇ، مۇناسىۋەت ئىگىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئىشەنچ ـ ئىشەنچلىك تاۋار ماركىسى ۋە پۇل كارتىسىدۇر. مەن بىلەن بىر ياتاقتا تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر كاپىتالىست گۇاڭجۇغا ئاتايىتەن بېرىپ ئون نەچچە يىللىق مۇئامىلىسىنى ئۈزۈپ كەلدى. (100 نەچچە مىڭ يۈەن ئەتراپىدا). بۇنى پۇل ئىگىسى بولمىش خەنزۇمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بۇ، نېمىدېگەن ئېسىل ـ پەزىلەتلىك روھ ـ ھە! باشقا سودىگەرلىرىمىزمۇ بۇ خىل روھنى ئۆزۈۋق ئالسا ئىدى، كاشكى!

بېغىشلىق يارىتىش روھى دېگەندە شۇنى نەزەرگە ئالىمىزكى، كورىيىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەڭ ئېسىل رەخت ۋە نۇسخىلار شۇ يەردە مەيدانغا كېلىدۇ. (كىنو ـ

لىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى رەڭلىك كىيىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز)، ئۇ يەرنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ۋە يېڭى ئۆرنەك نۇسخا گۈللىرى كىرىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شۇ خىل ئۆرنەكنى بۇ يەردە ـ جۇڭگودا ياساپ سىناق قىلماقچى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، رەڭگى ھەر خىل ئۆزگەرتىش، گۈللەر ئورنىنى يۆتكەش، گۈل قوشۇش ياكى ئېلىۋېتىش، بىرەر مارجان قىستۇرۇش... دېگەنلەر ناھايىتى ئاددىي ئىش. ئەمما شۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش، بازار مۆلچەرلەش، تەۋەككۈل قىلىش ئازراق ئىجادىيلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىك تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. بۇنى گەرچە سودىگەرلىرىمىز ياسىسىمۇ، بۇ بىرلەشمە ئىجادىيەت بولالايدۇ، دەپ قارايمەن. نېمىلا دېمەيلى، بۇ ئىسلاھات روھىغا ئىگە كىشىلىرىمىزگە رىغبەت بولۇپ، ئاددىي بولسىمۇ «يېڭىلىق» ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىلىق ـ ئىسلاھات روھى نوقۇل سودىگەرلىرىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق كىشىلىرىمىزگە، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزغا، ئۆلىمائىي كىراملىرىمىزغا، پروفېسسور ـ ئۇستازلىرىمىزغا، دېھقان، چارۋىچىلىرىمىزغا، ھەممە، ھەممە كىشىگە تولىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ، زامان تەلىپىدۇر. يېڭىلىق دېگەن نېمە؟ ئىلگىرىكى ئىلغار مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى قالدۇقلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئېھتىياج شەكىللەندۈرۈشمۇ يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى بىر خىل ئۇسلۇبنى ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە قىلىش ۋە كېڭەيتىشمۇ يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. دەرسخانىلاردا كونا مەزمۇننى يېڭى مېتود بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بىزدە نۇرغۇن ئىلغار نەرسە بار. ئۇ كونا چاپانغا ئورىلىپ قالغاچقا بازارغا يۈزلىنەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىسلاھات روھىدىن رەخت پىچىپ چاپان كىيدۈرسەك، تەھقىقكى، بازار نېپىشىدا گەپ يوق.

يېڭىلىق يارىتىش نوقۇل ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى كۆرسەتمەيدۇ. جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ باي، مىلياردېر قانداقتۇر باشقا نەرسە ئەمەس، سىرتىما زاۋۇتى قۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغان. ئەنە شۇ «ئاددىي» سىرتىما ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي مەقامىنى تىكلىگەن.

ئاكام دەسلەپ پايپاق سېتىش، چوكا مۆز سېتىش بىلەن ئىش باشلىغان بولۇپ، كىشىلەر ھازىر ئۇ ھەقتە: «ئەركىن چاقماقتەك بالا، سودا ئىشلىرىغا خېلى پىشتى» دېيىشىدۇ. ئۇ گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپتىن يېنىپ چىققان، تۈزۈك ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئۇ ۋە جەمئىيىتىمىزدىكى باشقا باشلارنىڭ ئېڭىدىكى بوشلۇق مەندە ئەگەشمە خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئىنتىلىشچان، تەۋەككۈلچى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ئىدى. چەكسىز جىرىڭلايدىغانلاردىن ئىدى. گەرچە باشقىلار ماڭا نىسبەتەن مەلۇم ھۆرمەت تۇيغۇسىدا قارىسىمۇ، مەن ئاكامدەك سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئەمەس ئىدىم. مەسىلىلەردە سەل ئىككىلىنىپ قالاتتىم... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەل فارابى، ئىبنى سىنا، ئەل غەززالى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەل بۇخارىيدەك روھىيەتنىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقىنى كۆزلەيدىغان يېگانە قەلبىم ئوقۇش ۋەسۋەسىسىدە خېلىلا تالىقىپ، ۋۇجۇدۇم لەرزە ئىلكىدە سىلكىنەتتى. ھەممىدىن كەچمەك ئۈنچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. دۇنيا سىرلىق ئارزۇلىرىڭدىن مۇستەسنا ئۆز ئوقىدا چۆرگىلەۋېرەتتى...

نەزمە:

بىر ھېكمەتنى سۇنغاندا زامان،
بىر كەمتۈكۈم بولماقتا ئايان.
ئاشقانسېرى بىلىم بۇلىقىم،
بولماقتىمەن ناداندىن نادان.

مېنى ئويلاندۇرىدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بۇ يەر (چاڭشۇ)دىكى ئەڭ چوڭ ئۇيغۇر باي (باشقا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سالغان مالنى بىرلەشتۇرسە شۇنىڭ مىلىغا باراۋەر كېلىدۇ) ساۋاتسىز ئىدى. تاغامىمۇ ساۋاتسىز ئىدى، ئۇرۇمچىدە بىنا سالغان قۇدرەت ھاجىمۇ ساۋاتسىز ئىكەن. يۇرتى قاراقاشقا 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ ئاچماقچى بولغان سېخىي ـ مەردانە دېھقان ئوغلى ئابلىكىم كامال («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 4 ـ سان)مۇ ساۋاتسىز ئىكەن. زامانىمىز قارۇنى ـ تەڭداشسىز باي بىل گايتسمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغانىكەن... بۇ، ماڭا، بىلىم ـ ساپايىمىزغا ئاچچىق بىر مەسخىرىمۇ ياكى ساۋاتسىزلاردا مەلۇم ھېكمەت بارمۇ؟

ئەسلى گەپكە كەلسەك، بىزنىڭ بىر قىسىم تىجارەتچىلىرىمىز «سودىدا كۈلۈمسىرەپ بېرىش كېرەك، ئىشەنچ ـ سەممىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك» دېگەندەك ئاددىي ئۇقۇملاردىن ھالقىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇلار تولىمۇ قاقۋاش كېلىدۇ. پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن ماھىر. بىزگە ئەمدى بىر ئەۋلاد ئىقتىسادىي نەزەرىيىچىلەر، تەھلىلچىلەر، ئىلغار پىكىرلىك يېتەكچىلەر كېرەكتەك قىلىدۇ.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقى، پوچىلىقى، دۇنيا مەئىشىتىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالغانلىقى... قاتارلىقلاردىن مۇستەسنا ئىجابىي پىكىرلىرىمىزدۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ باشقا يېتەرسىزلىكلىرىگە كۆرە، بىر كەمچىلىكنى ئىنىلارچە دەپ ئۆتىمىز.

ھەر يىلى نەچچە خىل يېڭى گۈل ۋە نۇسخا بازارغا سېلىنىدۇ. بۇ، كورېيىدىن كىرگۈزۈلگەن ياكى بىرلەشمە ئىجادىيەت مېۋىسى بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يېڭىلىق مالنىڭ يارىتقان پايدىسىي قىممىتى ئۈستۈن بولىدۇ. ئەگەر دەسلەپتە بۇ خىل مالدا ئېھتىياج شەكىللەندۈرۈپ، كۆپلەپ بازارغا سېلىۋالالىسا خېلى كۆپ قىممەت يارىتىلىدۇ. كېيىن بۇ نۇسخا يەنە بىرەيلەننىڭ قولىغا چۈشىدۇ ـ دە، ئۇ رەڭگى، نۇسخىسى ئوخشىسىمۇ، نېپىزرەكنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ تەننەرخى ئەسلىي مالدىن ئەرزانراق بولىدۇ. بۇ خىل مالنىڭ تۆكمە قىلىپ كۆپ سېلىنىشى ئەسلىدىكى يارىتىلىۋاتقان پايدىسىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە كۆپ جاپا تارتىپ، ئىنتايىن ئاز پايدا ئالىدىغان، 6000 كىلومېتىر يولنى بېسىپ چىققان مالنى ئىزىغىلا يېرىۋېتىدىغان تەنۇر مەنتىقە شەكىللىنىپ قالىدۇ. بىرلەشمە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان سودىگەر سالغان مەبلىغىگە ئىچى ئاچچىق بوپقالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ باھانى چۈشۈرۈشكە، ئىشلەۋاتقان مالنى نېپىزلىتىشكە مەجبۇر بوپقالىدۇ. شۇڭلاشقا سودىگەرلەر ئۆرنەكلەرنى مەخپىي تۇتۇشىدۇ. رازۋېدچىكلارچە تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ.

مالنىڭ تۈرى بەك كۆپ، نۇسخىلىرىمۇ ساناقسىز. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھەر بىر گۈل، نۇسخا مالنى ئايرىم ـ ئايرىم تۇتۇپ، كۆپرەك قىممەت يارىتىشنى ئويلىمايدۇ. شۇنداق قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە پايدىسى كۆپ بولار ئىدى. نەتىجىدە باشقىلارغا يارىتقان قىممەتكە قارىغاندا ئۇلارغا ھېچ نەرسە قالمايدۇ. كۆپىنچە، مۇھىت ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىسە كېرەك. كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق. بىردەم بىرسىنىڭ قوغۇنلۇقىغا بېرىپ ۋاشاڭ ـ پاساڭ قىلىپ، كۆلنى كۆككە سورۇۋېتىپ، ئاندىن يەنە بىر قوغۇنلۇققا «يۈرۈش» قىلاتتۇق. بىزنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىمىز نەق شۇنداق ئىدى. ھەي...ي، مەنپەئەت... ئاشۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە نەپ ـ مەنپەئەتنى ئويلىماي، ئەقىل ـ ئىدراك كۆزى بىلەن تېخىمۇ يىراقنى ـ ئۇپۇقنى كۆرسە ئىدى، پېقىرنىڭ قەلەم تۇتقان قولىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالار ئىدى.

مەن بىر نەچچە چوڭ ئۇيغۇر كاپىتالىستتىن شىنجاڭدا زاۋۇت قۇرۇش ھەققىدە سورىغانىدىم، بىرەيلەن شۇنداق دېدى:

ـ بىز بىر نەچچە يىل ئاۋۋال زاۋۇت قۇرۇشنى پىلانلىغانىدۇق. ئىقتىسادىمۇ يېتەرلىك ئىدى. زاۋۇتنى قۇرۇش باشقا گەپ، يۈرۈشتۈرۈش يەنە باشقا گەپ. يۈرۈشتۈرۈش دېگەنلىك، ئەگەر زاۋۇتىڭىز بۇزۇلۇپ قالسا تېخنىكلارنى ياكى زاپچاسلارنى ئىچكىرىدىن يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ. خام ئەشيامۇ شۇنداق. ئەگەر سىز بۇ جەريانلارنى ئورۇندىسىڭىز، مالنى ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلار تەننەرخىدە يۆتتۈرۈشمۇ بىر گەپ. بوپتۇ، شۇ نەرختە پۈتتى دەيلى، ئۇنى قانچىلىك خېرىدار ئالىدۇ؟ شۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئالارمۇ؟! بازار ئېچىش، كېڭەيتىش، سېتىشمۇ ئۇزاق بىر جەريان. بىز شۇ پۇللارنى بىنا سېلىشقا، يەر ـ زېمىنغا، مال سېلىشقا... ئىشلەتتۇق...

يەنە بىرەيلەن شۇنداق دېدى:

ـ زاۋۇت قۇرۇش نۆۋەتتىكى مۇھىم بىر مەسىلە. ئەۋلادلىرىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش مال سېلىپ تىرىكچىلىك قىلامدۇ؟! ئۆز مەھسۇلاتىڭ، ئىشلەپ چىقارغان تاۋىرىڭ بولغاندىلا تىجارىتىڭنىڭ بىر قەدەر يىلتىزلىق بولىدۇ. شىنجاڭغا، ئۇنىڭ نامرات ناھىيىلىرىگە زاۋۇت قۇرۇش پىلانى مېنى كېچە ـ كېچىلەپ ئارامسىزلاندۇرىدۇ. خىيالىمدا يۈزلەپ ئىشچىنى ئىشلەتكۈم، ئۇلارغا «نان» تېپىپ بەرگۈم كېلىدۇ. مەندىغۇ ئۇنچىلىك كۆپ ئىقتىساد يوق، ئەمما شۇ خىل روھ بار. بىزدە ئىنتىپاقلىق كەم، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ تىجارەت ئىقتىسادىنى بۆلۈشۈشكە ئاران تۇرىدۇ، ئىقتىسادنى بىرلەشتۈرۈپ، زاۋۇت قۇرۇپ، ئىگىلىكنى مەلۇم قېلىپقا كىرگۈزۈشنى خالىمايدۇ...

ئويلىنىپ قالدىم. جاھاننىڭ ئىشلىرى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئىدى. ئاتۇشنىڭ ئاشۇ تاقىر سايلىقلىرىغا زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ، تاقىلداپ مېڭىپ كەتسە!... تاق ـ تاق... تاق ـ تاق!...

نىھايەت، بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك تىجارەتچىلىرىمىز گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، جاڭشۇ شەھىرىنىڭ ئۆزىدە رەختنىڭ موينى ئۆرە قىلىش، پىرىسلاش، يۆگەش... زاۋۇتلىرىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇلاردىن ئابدۇۋەلى ھاجى، ھاجى كېرىم، لىۋاھىددىن ھاجى، ئابدۇسەمى ھاجى، ھاجى تۇرسۇنباقى ۋە ئابلەتجان ئاكىلارنى تىلغا ئالىمىز.

ئەمدى بىز ئۇلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان بىر خەنزۇ كارخانىچى ھەققىدە گەپ ئېچىمىز:

جاڭشۇ شەھىرىدە تالاي شىركەت ۋىۋىسكىلىرى قاتارىدا، شەرقىي جەنۇب تەرەققىيات رايونىدا «جاڭشۇ جىشىڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى» دېگەن ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ۋىۋىسكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ زاۋۇتنى ۋاڭ خۇڭگاڭ (ئىسمى «ۋاڭ خۇڭجاڭ»، بۇ يەردىكىلەر ۋاڭ خۇڭگاڭ دەپ ئاتايدۇ) دېگەن بىر خەنزۇ قۇرغان. ئۇ 40 ياش، ئەسلى يۇرتى جېجياڭ خاڭجۇ بولۇپ، 1992 ـ يىلى 230 مىڭ يۈەن پۇلى بار ئىكەن. 13 يىللىق تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىشچانلىق ئۇنى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى 55 مو، 180 ئىشچى ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىشچانلىقىدىن سىرت، كەمتەر ـ خۇش پېئىللىقى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدە مەلۇم تەسىر قالدۇرغان. ئىشلاردا ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇپ، خېرىدارلىرىغا ۋە مۇئامىلىگە ئېتىبار بېرىدۇ. ئېرىنمەي چاي قويىدۇ. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»، «ماقۇل ئەمسە»، «خوش»... دېگەندەك ئۇيغۇر پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىبارىلەرنى ئۆگىنىۋالغان. ئەمما بىزنىڭ بىر قىسىم سودىگەرلىرىمىز ئىككى ـ ئۈچ تال تەڭگە تاپسا ئۆزىنى جاھاندا بىر دەپ ھېسابلاپ، بىرئەۋەندەك غادىيىۋالىدۇ. ئۇ خەنزۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنچىلىك ئاددىي ـ ساددا ياشايدۇكى، ئانىسى زاۋۇت ئەتراپىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىپ ساتىدۇ. بۇ چوڭ كاپىتالىستنىڭ بارلىق ئىقتىسادىنى دادىسىغا تۇتقۇزۇشىدا تەربىيە ئامىلىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ زاۋۇتى بىر قەدەر كۆلەملەشكەن، يەنى توقۇش، ئىگىرىش، قىرقىش، يۆگەش، پىرىسلاش... مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن. ئەڭ يېڭى نۇسخىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ. ئىشخانىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىلىرىدەك پاكىز ۋە رەتلىك. مەن ئۇنىڭدىن:

ـ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سىزنىڭ ماللىرىڭىزنى ئۇزاقتىن بېرى سېتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ساڭا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتتى؟ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

ـ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور، كۆز يۇمالمايمەن. ئاساسەن (%70) ئىنىم ئىككىمىز تىرىشقان بولساقمۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىز ئوبدان ھەمكارلاشتۇق... ـ دېدى.


## خاتىمە ئورنىدا

پۇلنى ئالدىمغا قويۇپ يېيىپ ياقتىم. ئۇنىڭ ھەرخىللىرى بار ئىدى. كۆكيۈك دوللار، قىپقىزىل جۇڭگو پۇلى، فوند ستېرلىڭ، ياۋرۇ... شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئەمما ئالتۇن ـ كۈمۈش تارىختىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت ئورنىنى بىر قەدەر تەمكىنلىك بىلەن ساقلاپ قالالىغانىدى. مانا بۇ ئىقتىساد دۇنياغا ئېتىقادىي، سىياسىي، ھەربىي كۈچلەر قاتارىدا تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. قانداق قىلغاندا ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە تەۋە نېسىۋىلىرىنى يۇلۇۋالغىلى بولىدۇ؟ بۇ، ھەر بىر كىشىمىز ئالدىدىكى سوئال ئىدى. كۆزۈم پۇللاردا، خىيالىم ئاللىقاياقلاردا پەرۋاز قىلاتتى. شۇ پۇللارنىڭ تەسىرى گاھىدا ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ تەسىرىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئەگەر سىز يېتىشەلمىگەن، يوقسۇل بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ قولىغا خالىي ئورۇندا ئازراق كۆڭلىڭىزنى (پۇلنى) تۇتقۇزسىڭىز، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىسىدىنمۇ يېقىملىق، لىرىك «مۇزىكا» چېلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ناۋادا ئىنتىلىشچان بىر تالانت ئىگىسى ئوقۇيالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇپ، ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىسىڭىز، تارىخىڭىز، سىيمايىڭىز ئۇنىڭ قەلبىگە ھەققەت كەبى پۈتۈلگەن بولاتتى. گاھىدا ئىقتىسادنىڭ تەسىرى قەغەز ئىسراپچىلىقىدىن باشقىغا يارىمايدىغان «ئەسەر» ـ يازمىلاردىن ياخشى ئىدى... ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. چۈنكى مەلۇم ماددىي ئاساسقا، ئىقتىسادىي يۆلەنچۈككە ئىگە بولمىغان ھەر بىر ئىش بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئاخىرقىچىلىك غەلىبىلىك بولالمايتتى.

ئاللا تەبىئەتتىكى چەكسىز كائىناتنى، ئىنسان سۇبيېكتىدىكى چەكسىز كائىناتنى ئىنسان ھۆرمىتى ئۈچۈن تارتۇق قىلغانىدى. ئىنسان ئەنە شۇلاردىن مۇۋاپىق رەۋىشتە پايدىلىنىشى كېرەك ئىدى. ھەر بىر ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى نىسۋىلەرنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا تېگىشمەيتتى. چۈنكى پادىشاھتىن تارتىپ گادايغىچە ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى. مانا بۇلار ـ ئەقىل، مېڭە، كۆز، قول ـ پۇتلار ئىنسانىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىقتىساد ـ مەيدانى، چىن ئىلمى، ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇلى بولۇشى كېرەك ئىدى.

2005 ـ يىل 6 ـ نويابىر، شەھىرى جاڭشۇ

ئاپتور: جياڭسۇ ئۆلكىسى جاڭشۇ شەھىرىدە تىجارەتچى




ئەلنىڭ پەخرلىك ئوغلانى، بوكس ئاشىناسى، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى، 2مىليون
500مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېزتى غۇلجا شەھىرىگە خەلقئارا ئۆلچەمدىكى «پەخرىددىن
ئابلىز بوكس كۇلۇبى» قۇرغان ۋە ئۆزى باش مەشقاۋۇللۇقنى ئۈستىگە ئېلىپ ھەر مىللەت
ياشلىرىدىن 600نەپەردىن كۆپرەكىنى تەربىيلەپ، ئۇلاردىن ئۈچ نەپىرىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 11- نۆۋەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە ئۈچ ئالتۇن مېدالغا
ئېرىشتۈرگەن مەردانە — تۆھپىكار دېھقان يىگىتى پەخرىددىن ھاجىم